شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2006

2



# بۇلاق

# 源泉(布拉克)

ISSN 1005 0876

04>

9 771005 087006

www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغ تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي

(1913—1886)

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

27 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 107 ـ سان

# ئىلىم ۋە ئەمەل

ئەملى بولغان كىشى ئۇچۇن ئىلىم ــ بىنا ياسىغان ئۇستىنىڭ ئاسما تېشىغا ئوخشاشتۇر. ئالىم ئۇچۇن ئەمەلمۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچىنىڭ چېلەك باغلىغان ئارغامچىسىدۇر. ئاسما تېشى بولمىغان ئۇستا بىنانى تۈز چىقىرالمىغىنىدەك، ئارغامچىسى بولمىغان چېلەك ئىگىسىمۇ سۇ تارتىپ ئۇسسۇزلۇقىنى باسالمايدۇ.

كىم كامىل ئادەم بولۇشنى خالىسا ھەم ئالىم، ھەم ئامىل (ئەمەل قىلغۇچى) بولۇشى كېرەك.

ـــــ ئەللامە زەمەخشەرى






باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ........................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان(5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىدىن ........................ (35)

## مەشھۇر شەخسلەر

خەلقپەرۋەر، دېموكراتىزمچى شائىر زۇھۇرى ................. نۇرنىسا باقى(45)

ھەزىنىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ................. نادىرخان ھەسەن(48)

## تىل، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلاردا ئوقياچىلىق مەدەنىيىتى ................. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى(53)

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

قىرىق بىر قۇمۇلاق پالى ھەققىدە...... ئەنۋەر سەمەد قورغان، بەيسەك كاسەي(73)

ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ ھامىلە ۋە بوۋاق تەربىيىلەشتىكى ئادەتلىرى

توغرىسىدا.......................... نۇرمۇھەممەت ئىسمائىل(87)

## بىزدىكى ئەخلاق ــ پەزىلەت

ھەمشىرىڭىز ھەسرەتتە ........................ نەجىبە ئىمىن(98)

## ئۇچۇرلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ ئىستىقبالى

پارلاق.............................. ئابلىز ئابدۇرېھىم(103)

*          *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

*          *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئەتلەس (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: ئۇلۇغ تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي

مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى مۇدىرىيەت ئەزالىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر (ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: (0991) 2827726

E—mail: bulak7@Hotmail.com

# تارىخى رەشىدى①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

## موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### بابىر پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئاخىرى ۋە ئىشلىرىنىڭ تۈگەللىمىسى

يۇقىرىدا پادىشاھنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنىپ، «شۇنچىۋالا خەزىنىلەر ۋە مال - مۈلۈكلەر بابىر پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشتىكى، پۈتكۈل ئالەم ئەھلى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولدى» دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. [ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن. رۇبائىي:

*زەھىرىددىن مۇھەممەد شاھ بابىر،*
*سىكەندەر دەۋلەتۇ بەھرام سەۋلەت.*
*بەدەۋلەت كەرد فەتھى خەتتى ھىندى،*
*كى تارىخ ئامەدەش «فەتھ بەدەۋلەت②».*

تەرجىمىسى:

*زەھىرىددىن مۇھەممەد شاھ بابىر،*
*ئىسكەندەر دۆلەتلىك، بەھرام سۆلەت.*
*سائادەت بىلەن ئالدى ھىندى يۇرتىن،*
*ئۇنىڭ تارىخى كەلدى «فەتھ بەدەۋلەت»*

---

① بېشى ئالدىنقىساندا.

② فەتھ بەدەۋلەت (فتح بدولت — بەختلىك ئىشغالىيەت) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە سانغا ئايلاندۇرۇلۇپ جەملەنسە، ھىجرىيە 930 - يىلى كېلىپ چىقىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 930 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1524 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەھۋاللار يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

پېقىر ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ تەشەببۇسكارى ۋە باشلامچىسى بولدۇم. بۇ ئەھۋال كېيىنچىرەك زىكىر قىلىنغۇسى.

بابىر پادىشاھ سۇلتان ئىسكەندەر ئاۋغاننىڭ پۈتكۈل تەۋەلىكىنى ئىلكىگە ئالدى. ھىندىستاننىڭ راجەسى رانا سەنگا نەچچە لەك① لەشكەر بىلەن بابىر پادىشاھنىڭ ئۈستىگە نەچچە قېتىم كەلدى. ھەر نۆۋەتلىك جەڭدە [بابىر] پادىشاھ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يارلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى «غازى» (كۇرەشچى) دەپ يازدۇردى. ئاندىن كېيىن چىتور تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى، ئۇ يەردە غەلىبىلىك جەڭلەرنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشغالىيەتلەرنى قىلىپ، پەتھى - نۇسرەت بىلەن ياندى، پۈتكۈل ھىندىستاننى ئىلكىگە كىرگۈزۈشنىڭ پىكرى ۋە ھەرىكىتىنى قىلىۋاتاتتى. خۇددى مۇنداق دېيىلگىنىدەك [مىسرا:

*ئىن جۇملە تەۋان يافت سۇخەن دەر ئۇمرەست.*
*(سەن ئۆمرۈڭدە نېمىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۈلگۈرەلەيدىغىنىڭنى ئېيتقىن)].*

تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتە② بولغانىدى، بابىر پادىشاھنىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا بىرقانچە خىل كېسەل چاپلاشتى. تېۋىپلار نۇرغۇن داۋالاپ باققان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى.

[مەسنەۋى:

*چۇن قەزا ئەز پىشگەھ رۇيى نەمۇد،*
*رەۋغەنى بادام خۇشكى مىفۇزۇد.*
*ئەز تەبىبۇ تىب نەيايەد يەك شىفا،*
*ئىللەتۇ سىھھەت ھەمىدان ئەز خۇدا.*

تەرجىمىسى:

*كىشىگە قىلسا قازا گەر ئالدىنى،*
*قۇرغاق كېلەر يېسە بادام يېغىنى.*
*تېب - تېۋىپتىن كەلمىگەي ھېچبىر شىپا،*
*ئاغرىقۇ ساقلىقنى ھەم بەرگەن خۇدا.]*

پادىشاھنىڭ كېسىلىدىن ساقىيىش ئۈمىدى قالمىغانلىقتىن، ھۇمايۇن مىرزىنى بەدەخشاندىن چاقىرىپ، ئېلىپ كەلگەنىدى. بىر كۈنى ھۇمايۇن مىرزىنى ئالدىغا چاقىرىپ، پۈتكۈل ئەمىرلەر، پۇقرالار ۋە مەملىكەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى، جاننى بولسا جاھاننىڭ پەرۋەردىگارىغا تاپشۇردى. ئاللاھ ئۇنىڭ ھۇججەتلىرىنى يورۇق قىلغاي.

ھۇمايۇن مىرزا ئاتىسى بابىر پادىشاھنىڭ ئورنىدا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. مۇھەممەد زەمان ئىبنى بەدىئۇززەمان مىرزا ئىبنى سۇلتان ھۇسەين مىرزا — ئۇ بابىر

① لەك — يۈز مىڭ.

② ھىجرىيە 937 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1530 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە بولۇۋاتاتتى ۋە پادىشاھقا كويئوغۇل ئىدى ــ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرقانچىسى ھەر يەر ۋە ھەر تەرەپلەردە بۆلگۈنچىلىك، قارشىلىشىش ناغرىلىرىنى چېلىۋاتاتتى. ھۇمايۇن پادىشاھ ھەممىسىنى سىلىق ۋە ئەپچىل تەدبىر بىلەن تىنچلاندۇردى ۋە ھىندىستان ئىقلىمىدىن ئاتىسى ئىشغال قىلالمىغان مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلىپ، گۈجەراتقا باردى. گۈجەراتنىمۇ ئالدى. لېكىن، بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى، ئەمىرلىرىنىڭ قارىمۇقارشىلىقلىرى تۈپەيلىدىن گۈجەراتنى قويۇپ ياندى. قالغان ئەھۋاللار پات پۇرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ غازات قىلىش نىيىتىدە تىبەتكە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى

ھەزرىتى مەخدۇمى خاجەئى نۇرەن ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ ھىندىستانغا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، يېقىن ئاقسۇدىن كەلدىم. رەشىد سۇلتانمۇ كەلگەنىدى. رەشىد سۇلتان شۇ قىشتا ئەھلى ئاياللىرى بىلەن كۆچۈپ ئاقسۇغا كەتتى. شۇ يىلى باھار پەسلىدە خاننىڭ كۆڭلىدە تىبەتكە بېرىپ غازات قىلىش نىيىتى كۆچەيدى. بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرىمۇ ئەمىرلەر نەچچە نۆۋەت بېرىپ، تىبەتنى چاپقۇن قىلىپ، نۇرغۇن ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئەمىرلەرنىڭ بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن تىبەت ئەھلى مۇسۇلمان بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلمەي قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن خاننىڭ كۆڭلىدە تىبەتكە بېرىپ، ئاللاھ يولىدا غازات قىلىش ئارزۇسى بار ئىدى. بولۇپمۇ خوجىلار ــ ئاللاھ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ تەربىيىتىنىڭ سىلسىلىسىگە كىرگەندىن كېيىن، خاننىڭ ئالىي ھىممىتى دائىم شۇنىڭغا سەرپ قىلىنىشقا باشلىدى، خان پاك ۋە يۈكسەك تەڭرىنى ياد ئېتىش ۋە تەڭرى يولىدىكى ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشقا تەلەپكار ئىدى. شۇ جۈملىدىن غازات بولسا ئىسلام ئەركانلىرى (تۈۋرۈكلىرى) ئىچىدىكى چوڭ رۇكۇن (تۈۋرۈك)، بۇ ئەڭ بىلگۈر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ يېقىن يولىدۇر. شۇ سەۋەبتىن تارىخقا توققۇز ئوتتۇز سەككىز[1] بولغان مەزگىل ئىدى. خان غازات ئۈچۈن تىبەتكە يۈرۈش قىلدى.

سۆزنىڭ مۆرىتى بۇ يەرگە كەلگەندە، تىبەتنىڭ زېمىنى، ھاۋاسى، سۈيى ۋە رەسىم ـ قائىدىلىرىنى بايان قىلىش زۆرۈر بولدى.

تىبەت شۇنداق يەرگە ئورۇنلاشقانكى، كۆپ ساندىكى خالايىقنىڭ ئايىغى ئۇ يەرگە يېتىپ باقمىغان. چۈنكى، تىبەت يولىنىڭ مۈشكۈللۈكتە ۋە قىيىنلىقتا ھەددى ـ پايانى يوق. تىبەت يوللىرى پۈتۈنلەي ئېگىز تاغ ۋە خەتەرلىك داۋانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ناھايىتى سوغۇق. ئۇ يەردە سۇ، چارۋىلارنىڭ يېمەكلىكى ۋە ئوتۇن ناھايىتى ئاز. شۇ سەۋەبتىن تارىخچىلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەنلىكتىن، «مۇنجەمەل ـ بۇلدان»[2]، «جامى گىتىنەماي»، «مۇلھاقاتى «سۇراھ،» قاتارلىق مۆتىۋەر كىتابلاردا تىبەت ۋىلايىتى باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش روشەن

---

① ھىجرىيە 938 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1532 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ كىتاب ئىسمى پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «مەجمەئۇل ـ بۇلدان»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «مۇئجەمەل ـ بۇلدان» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com



ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، بەلكى تىبەتنى بىر ۋىلايەت گۇمان قىلىپ، بىر نەچچە ئەرسىنى قىسقىچىلا بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىبەتنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، تىبەت مەملىكىتىنىڭ كىتابلاردا ئۇچرىمايدىغان تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ ئۆتمەي ئىلاج يوق.

## تىبەت ۋىلايىتىنىڭ تۈزۈلۈشى، تاغ - باياۋانلىرىنىڭ چۈشەندۈرمە بايانى

بىلمەك كېرەككى، تىبەتنىڭ زېمىنى سوزۇنچاق ھالەتتە بولۇپ، شىمال بىلەن غەربىنىڭ ئارىلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېكەن [بايىت]تىن جەنۇب بىلەن شەرق ئارىلىقىنى بىلدۈرىدىغان [بەكەنگە قاراپ] سوزۇلۇپ ياتقان ھالەتتە، ئۇزۇنلۇقى باشتىن ئاياغقىچە سەككىز ئايلىق يولدۇر. توغرىسىغا [كەڭلىك مۇساپىسى] بىر ئايلىقتىن ئارتۇق ئەمەس، ئەمما ئۇن كۈنلۈكتىن ئازمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ بېشى پېكەن [بايىت] تەرىپى بولۇپ، بەلۇرىستانغا تۇتاشقان. بەلۇرنىڭ ئەھۋاللىرى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. ئاياغ تەرىپى بولسا بەكەنى تەرەپ بولۇپ خىتاينىڭ كانجافۇ[1] دېگەن يۇرتى تەۋەسىدىكى خوجو[2] ۋە سالارغىچە يېتىپ بارىدۇ.

يۇقىرىدا قەشقەر موغۇلىستان تاغلىرى ھەققىدە زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پۈتكۈل تاغلار موغۇلىستان تاغلىرىنىڭ شاخلىرىدەك يېيىلىپ، قەشقەرنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە بارىدۇ. فەرغانە ۋىلايىتى بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ تاغ پاسىلدۇر. قەشقەر بىلەن فەرغانەنىڭ ئارىلىقىدىكى تاغلار ئالاي دېيىلىدۇ. بەدەخشان ياركەندنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، ياركەند بىلەن بەدەخشاننىڭ ئارىسىدىمۇ ئاشۇ تاغ بار. بۇ تاغنىڭ ياركەند بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىدىكى قىسمى پامىر دېيىلىدۇ. پامىرنىڭ توغرىسىغا كەڭلىكى بەزى يەرلىرى سەككىز[3] كۈنلۈك يول بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتسە ياركەندنىڭ بەزى يىراق تاغلىرىدۇر، بۇ تاغلار بەلۇرىستان تەۋەسىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ؛ راسكام ۋە تاغدۇمباش دېگەنگە ئوخشاش جايلاردىن ئۆتسە، تىبەت زېمىنىدۇر.

بەدەخشان ياركەندنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى. كەشمىر ياركەندنىڭ قىش پەسلىدىكى كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىدە. ياركەند بىلەن كەشمىرنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان تىبەتنىڭ ۋىلايىتىنى بالتى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەردە بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىسىغا كەڭلىكى پامىردىن كەڭرەك. چۈنكى بالتىدا بۇ تاغنىڭ كەڭلىكى يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر. بۇ تاغنىڭ ياركەند تەرەپتىكى چىقىدىغان ئورنى سانجۇ داۋىنى، كەشمىر تەرەپتىكى چۈشىدىغان يېرى ئەسكەردۇ داۋىنىدۇر. سانجۇ داۋىنى بىلەن ئەسكەردۇ داۋىنىنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە كۈنلۈك يول.

يەنە خوتەننىڭ قىش پەسلىدىكى كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىدە ھىندىستاننىڭ ئۇرسەك[4]،

---

[1] بۇ ئىسىم پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «كانجانقوي» دېيىلگەن.

[2] بۇ ئىسىم پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «جوجو» دېيىلگەن.

[3] بۇ سان پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «يەتتە» دېيىلگەن.

[4] بۇ ئىسىم پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «لاھور» دېيىلگەن. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەنمۇ «لاھور» بولۇشى كېرەك ئىدى.

سۇلتانفۇر ۋە باجۋارە دېگەندەك بەزى شەھەرلىرى بار. ئاردا ئاشۇ تاغ پاسىلدۇر. خوتەن بىلەن ھىندىستاننىڭ مەزكۇر شەھەرلىرىنىڭ ئارىسىدا تىبەت ۋىلايىتىنىڭ ئوردۇق، گۆگە (كۆكە)، ئەسپەتە دېگەن جايلىرىدىكى تاغ بار. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەككى، بۇ تاغ خىتايغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ تاغنىڭ كۈن ئولتۇرۇش - جەنۇب (غەربىي جەنۇب) تەرىپى پۈتۈنلەي ھىندىستاندۇر. پەنجەرە، لاھور ۋە بەنگالە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان. ھىندىستاننىڭ ھەممە دەريالىرى مۇشۇ تاغدىن چىقىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ چىقىدىغان باش قىسمى ھەممىسى تىبەت دىيارلىرىدۇر. تىبەتنىڭ شىمال - مەشرىق (شەرقىي شىمال) تەرىپى ياركەند، خوتەن، چەرچەن، لوپ، كەتىك ۋە سارىغ ئۇيغۇردۇر. قالغان قىسمىمۇ قۇملۇق بولۇپ، خىتاينىڭ قامجو ساكجو دېگەن يۇرتلىرىغا تۇتىشىدۇ.

تىبەت تاغلىرىدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە ئاقىدىغان دەريالارنىڭ ھەممىسى نىلاب دەرياسى، بەھرە دەرياسى، جىناب دەرياسى، لاھور دەرياسى، سۇلتانفۇر دەرياسى، باجۋارە دەرياسى قاتارلىق ھىندى دەريالىرىدۇر. بۇ دەريالار قوشۇلمىسى سىند دەرياسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەممە دەريالار بەنگالەگە بېرىپ دەرياىي مۇھىتقا قوشۇلىدۇ.

تىبەت تاغلىرىدىن شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئاقىدىغان ياركەند دەرياسى، ئاق قاش (يۇرۇڭقاش) دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ھەممىسى كۆك نادىرغا قۇيۇلىدۇ. كۆك نادىر بولسا مەزكۇر قۇملۇقتىكى بىر تاغدۇر. پېقىرغا بەزىلەر: «ئۇ تاغنى ئۈچ ئايدا ئايلىنىپ بولغىلى بولىدۇ» دەپ نەقىل قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئايىغى بىر چوڭ دەريا بولۇپ، ئۇ قارا مۇرەن خىتايى دەپ ئاتايدۇ.

بۇ بايانلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، تىبەت ھەممە جايلاردىن ئېگىز يەردە ئورۇنلاشقان. چۈنكى، ئۇنىڭ سۈيى ھەممە يەرگە بارىدۇ. ھەرقانداق تەرەپتىن تىبەتكە بارماقچى بولسا، ئېگىز داۋانلارغا چىقىدۇ، ئەمما تۆۋەنگە چۈشمەيدۇ. تۆپىگە چىققاندىن كېيىن، زېمىنى تۈز بولۇپ، بەزى داۋانلاردا ئازراق تۆۋەنگە مايىلراق چۈشىدىغان يەرلەر بار. شۇ سەۋەبتىن تىبەتنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، كۆپىنچە يەرلىرىدە ئارپا ۋە چامغۇردىن ئۆزگە ھېچقانداق زىرائەت پىشمايدۇ.

تىبەتنىڭ كۆپىنچە يەرلىرىدە يىلدا ئىككى ئاي يېشىللىق بولىدۇ. بەزى يەرلىرىدە بولسا قىرىق كۈنلا ياز بولىدۇ. ئۇ قىرىق كۈن ئىچىدىمۇ تۈن يېرىمىدىن كېيىن ئېرىق سۇلىرى مۇزلايدۇ. تىبەتنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن ھېچقانداق دەرەخ ياكى ئوت - چۆپ ئېگىز ئۆسمەيدۇ.

تىبەت خەلقى ئىككى تۈپكە ئايرىلغان، بىرى ئولتۇراق ھالەتتىكىلىرى بولۇپ، ئۇلارنى «يۇلپا» دەپ ئاتايدۇ؛ بەزى قىشلاق ۋە سەھرالىقلىرىنىڭ ئاجايىپ ئادەتلىرى بار بولۇپ، بۇنداق ئادەت ھېچقانداق تائىپىدە يوق. بۇنداق ئادەتلەردىن بىرى شۇكى، ئۇلار گۆش ياكى باشقا ھەر خىل غىزالارنى خام پېتى يەيدۇ. ئۇنى پىشۇرىدىغان ئادەت ئەسلا يوق. يەنە بىرى، ئاتلىرىغا بوغۇز ئورنىدا گۆش بېرىدۇ. ھەممە يۈكلىرىنى قويغا يۈكلەيدۇ. ھەربىر قوي شەرىئەت پاتمىنىدا ئون ئىككى پاتمان يۈك كۆتۈرىدۇ. ئۇلار يۈكنى قويغا يۈكلەش ئۈچۈن خورجۇنلارنى تەييار قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشقۇن ۋە كەمەلدۇرۇك بېكىتىپتۇ؛ ھاجەت بولمىسا، ھېچقانداق ۋاقىتتا يۈكنى قوينىڭ ئۈچىسىدىن ئالمايدۇ.

يەنە بىرى، «جانپا» دەپ ئاتىلىدىغان سەھرالىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈنلىرى مۇنداق ئۆتىدۇ. قىشتا مەزكۇر تاغلارنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ھىندىستانغا بارىدۇ. ئۇ يەرگە خىتاينىڭ ماللىرى، تۇز، تەنكار، فارفى، قوتاز، تىللا قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ

www.uyghurkitap.com

تاغنىڭ ئېتىكىدىكى ھىندىلار بىلەن سودا قىلىدۇ. ئۇ يەردىن ھىندىستان ماللىرى ۋە كۆپ مىقداردا گۈرۈچ، بۇغداي قاتارلىقلارنى ئېلىپ، قويلارغا يۈكلەپ، ئەتىياز ۋاقتىغىچە ئۈلگۈرۈپ تىبەتكە كېلىدۇ. ئاندىن يەنە ئاستا - ئاستا يۈرۈپ، قىش ۋاقتىغىچە خىتايغا يېتىپ بارىدۇ. تىبەت ماللىرىدىن خىتايدا لازىملىقلىرىنى ۋە ھىندىستان ماللىرىنى ئۇ يەردە سېتىپ، ئاندىن خىتاي ماللىرىنى ئېلىپ، ئەتىياز پەسلىگىچە ئۈلگۈرۈپ تىبەتكە كېلىدۇ؛ يەنە قىش ۋاقتىغىچە ھىندىستانغا بېرىپ، خىتايدىن ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ساتىدۇ. ئاندىن يەنە ھىندىستاندىن ئالغان ماللارنى خىتايغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. مۇشۇ يوسۇندا ئون مىڭچە قويغا يۈك يۈكلەپ سودا قىلىدۇ. بۇ جانپا قەبىلىسى كۆپ خەلق، لېكىن يۈلپا قەبىلىسى ئۇلاردىنمۇ كۆپ بولۇپ، [ئۇنىڭ دۇلپا دېگەن بىر تارماق قەبىلىسىنىلا] ئەللىك مىڭ ئۆيلۈكتىنمۇ كۆپرەك دېيىشىدۇ. بۇنداق قەبىلىلىرى كۆپ. پېقىر ئۇلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن سورىغانىدىم، سانىنى بىلمەيدىكەن، ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ.

يۈلپا قەبىلىسى نەچچە ۋىلايەتكە تارالغان. شۇ جۈملىدىن بالتىمۇ تىبەتكە تەۋە بولۇپ، نەچچە ۋىلايەتتۇر. مەسىلەن، پۇرىك، [خاپۇلە]، ئاشىگار، ئەسكەردۇ، لاداقس، رۇدوك قاتارلىقلار. بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ھەربىرىدە نەچچىلىگەن قەلئە ۋە يۇرتلار بار.

پېقىر تىبەت ۋىلايىتىدە ئۇچرىغانلا يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شىددەت ۋە زورلۇق بىلەن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى جىزىيە بېرىشكە كۆندۈرۈپ سۈلھى قىلدىم. [بالتىدىن ئەسكەردۇغىچە] مارىپۇل، رۇدۇق، گۇگە، رۇنكې، مىنكاب، دىر سۇتروز قاتارلىقلاردىن تاكى بەنگالەگىچە يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر.

ئۇرسەڭ — قەدىمدىن بېرى خىتاي ۋە تىبەتنىڭ قىبلىگاھىدۇر. ئۇرسەڭدە بىر كاتتا بۇتخانا بار. ئەگەر ئۇنىڭ ئىمارىتى ۋە ئاجايىباتلىرىنى ئاڭلىسا ھېچكىم چىنپۇتمەيدۇ. بەلكى يالغان، مۇبالىغە دەپ گۇمان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى يازمىدىم، [قىسقىسى، بۇ يەر خىتاي ۋە تىبەتنىڭ ئىلىم ۋە ئەقىدادارلىق مەركىزىدۇر.]

## تىبەت يۇرتلىرىنىڭ غارايىباتلىرىنىڭ زىكرى

پېقىر كۆرگەن تىبەت ۋىلايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئادەملىرىنىڭ ئادەتلىرى شۇ تەقلىتتەدۇركى، ئۇنى پېقىرنىڭ قانچە بايان قىلغۇم كەلسىمۇ، لېكىن يېزىش نېسىپ بولمىدى. ئەمما، ئۆزۈم كۆرۈپ بايقىغان ۋە دۇچ كەلگەن بىرنەچچە ئاجايىپ نەرسىلەرنى ۋە ئۆزۈم يېزىشنى ئىستىگەن جايلارنى ئاجايىباتلار قاتارىدا يازماقچىمەن.

شۇلاردىن بىرى ئالتۇن كانىدۇر. جانپالار ئورۇنلاشقان كۆپلىگەن يۇرتلاردا ئالتۇن كانى بار. شۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كان ئاجايىپتۇر. ئۇنىڭ بىرىنى موغۇللار «ئالتۇنچى تىبەت» دەپ ئاتايدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارماق قەبىلىلەردىن دۇلپا قەبىلىسى شۇ يەردە ئىشلەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ سوغۇقىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكى تۈپەيلىدىن، ئۇ يەردە بىر يىلدا قىرىق كۈندىن ئارتۇق ئىشلىگىلى بولمايدۇ. تۈز يەرلەردە گەمىلەر قېزىلغان بولۇپ، بۇ گەمىلەر بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەملەر مېڭىپ تۇرالايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ تۇرالايدۇ. ئۈچ يۈز ئۆيلۈك كىشى دائىم ئاشۇ گەمىلەردە تۇرىدۇ ۋە يۈرىدۇ، دېيىشىدۇ. بەزى موغۇللارنىڭ شۇ تەرەپلەرگە يولى چىقىپ، بېرىپ قالسا، ئادەملەرنى يىراقتىن كۆرىدۇ، ئەمما يېقىنلاپ بارسا، ئۇ

ئادەملەر ھەممىسى كەمىلەرگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ھېچكىم تاپالمايدۇ. ئۇ كەمىلەرنىڭ ئىچىدە قوينىڭ ھېچ نەرسە قوشۇلمىغان ساپ قويرۇق مېيىدىن باشقا ھېچقانداق ماي يانمايدۇ. بۇ كەمىلەردىن تۇپراق ئېلىپ كېلىپ، ئۇ تۇپراقنى سۇدا چايقايدۇ. شۇنداق دېيىشىدۇكى، — بۇنىڭ راست - يالغانلىقىغا ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچى مەسئۇل — «ئۇ كانىنىڭ بىر غەلۋىر توپىسىدىن بەزىدە ئون مىسقال ئالتۇن چىقىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم تۇپراقنى ئۆزى قېزىپ، ئۆزى چىقىرىپ، ئۆزى چايقىسا، بىر كۈندە يىگىرمە غەلۋىر تۇپراقنى چايقىيالايدۇ.» گەرچە بۇنىڭغا ئىشىنىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن تىبەتتە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن بىردەكلا ئاشۇنداق دەپ ئاڭلىدىم. [شۇڭا، بۇنى يازدىم.]

يەنە بىر ۋىلايىتى گۇگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى يۈزگە يېقىن قەلئە ۋە يۇرت بار. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك يولدۇر. [ئۇنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئالتۇن بار. ئۇنىڭ تۇپراقلىرىنى قېزىۋېلىپ يەر يۈزىگە يايسا، ئالتۇن چىقىدۇ.] ئۇ ئالتۇنلارنىڭ كىچىكلىرىمۇ ماشتەك، نوقۇتتەك بار. بەزىلەر: «كۆپلىگەن يەرلەردىن قوينىڭ جىگىرىدەك چوڭلۇقتا ئالتۇن چىقىدۇ» دەيدۇ.

پېقىر گۇگەگە جىزيە قويغىلى بارغان ۋاقتىمدا، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېدى. «مۇشۇ يېقىندا بىر كىشى زىرائەت تېرىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ بۇقۇرىسى بىر يەرگە ئىلىنىپ قېلىپتۇ، ئۇ ھەرقانچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ھېچ قىلىپ ئاجرىتالماپتۇ. شۇڭا، ئۇ يەرنى كولىغانىكەن، بىر چوڭ تاش چىقىپتۇ. ئۇ تاشنىڭ ئوتتۇرىسى پۈتۈن ئالتۇن ئىكەن. بوقۇرىسا شۇنىڭغا قادىلىپ قالغانىكەن. ئۇ كىشى بۇ ئەھۋالنى بېرىپ ھاكىمغا خەۋەر قىلىپتۇ. ھاكىم كېلىپ ئۇ تاشنى سۇندۇرغانىكەن، ئىچىدىن تىبەت مىسقىلىدا مىڭ بەشيۈز مىسقال ئالتۇن چىقىپتۇ.»

تىبەتنىڭ بىر مىسقىلى بىزنىڭ شەرىئەت ئۆلچىمىدە بىر يېرىم مىسقال بولىدۇ. گۇگەنىڭ ئالتۇنىنى خۇدايى تائالا شۇنداق پاكىزە ۋە تازا قىلىپ يارىتىپتۇكى، ئۇنى تۇپراقتىن قېزىپ ئېلىپ، تاۋلاپ تازىلايدىغان بولسا، بىر مىسقالمۇ كېمەيمەيدۇ. بۇ ھەيران قالارلىق بىر ئاجايىبات بولۇپ، ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى بىلگۈچىلەرمۇ بۇنداق ئاجايىپ ئەھۋالنى ئالەمنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يېرىدىن كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

تىبەتنىڭ كۆپىنچە ۋىلايەتلىرىدە خىتاي ماللىرى بىلەن ھىندىستان ماللىرىنى تەڭلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

تىبەتنىڭ ئاجايىباتلىرىدىن يەنە بىرى دەم تۇتۇلۇش (كېسەللى) بولۇپ، موغۇللار ئۇنى «ئىس» دەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تىبەتنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە بار. ئەمما، قەلئە ۋە قىشلاقلىرىدا كەمرەك كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن كىشى ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ، ھەمىشە نەپىسى شۇ قەدەر سىقىلىدۇ. بېلى خۇددى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ئېگىز تاغقا ئۇزاق ۋاقىت يۈگۈرۈپ چىققاندەك قىزىپ، كۆيىدۇ. بەلنىڭ بۇنداق كۆيۈپ - قىزىشى تۈپەيلىدىن ئۇخلاشمۇ ئاسان بولمايدۇ. ئۇيقۇ بېسىپ كۆز يۇمۇلۇش بىلەنلا، نەپەس سىقىلىپ، كۆكرەك ۋە بەل قىسىپ، ئەندىكىپ ئويغىنىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەممە ئادەمگە ھەر دائىم ئاشۇنداق ئەھۋال يۈزلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۈچەيگەندە، خۇدىنى يوقىتىپ، قالايمىقان سۆزلىگىلى تۇرىدۇ. بەزىدە ھەتتا سۆزلىگۈدەكمۇ ماجالى قالمايدۇ. يۈزلىرى قولى ۋە ئاياغلىرى ئېسىلىپ غەيرى ھالەتكە كىرىپ قالىدۇ. ئاشۇ ھالەتتە يېتىپ، تاڭ پەيتى ياكى چاشكا ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزىلەر ئاشۇنداق ھالەتتە نەچچە كۈنگىچە يېتىپ، ئەجىلى يەتمىگەن بولسا بىرەر قەلئە ياكى قىشلاققا ۋە ياكى ئەتراپى قورشالغان يەرگە ئېلىپ بېرىلسا

ھايات قىلىش ئېھتىمالى بار. ئۇنداق بولمىغاندا شەكسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال تىبەتلىك بولمىغانلاردا كۆرۈلىدۇ. تىبەتلىك كىشىلەردە بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئۇلارنىڭ تېۋىپلىرىمۇ تىبەتلىك ئەمەسلەردە كۆرۈلىدىغان بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئاغرىقنى قانداق داۋالاشنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ھاۋا سوۋۇغانسېرى بۇ خىل كېسەل كۆپىيىشكە باشلايدۇ. [بۇ بېيىت ئاشۇ خىل ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بېيىت:

*ھەجرۇ ۋەسلى تۇ سەمۇمەستۇ سەرابەست، ئانجا*
*نەزىد ھېچ كەسى ئابۇ ھەۋايى ئەجەبەست.*

تەرجىمىسى:

*ۋەسلىڭ بىلەن ھىجرانىڭ گويا ئۇپ①بىلەن ئالۋۇن،*
*بارمىسۇن يېقىن ھېچكىم بۇنداق غەلىتە جايغا.*

بۇ خىل ئاغرىق يالغۇز ئادەملەرگىلا خاس بولماستىن، بەلكى بارلىق جانلىقلارغا، شۇ جۈملىدىن ئاتلارغىمۇ ئاپەتنى سالىدىكەن. بۇ ھەقتە تۆۋەندە تەپسىلىرەك توختىلىمىز: زۇرۇر بولغانلىقتىن] پېقىر گۇگەدە بىر كۈن ئىلدامراق يۈردۈم، كېچىسى بىر يەرگە بېرىپ چۈشتۇق. ئەتىسى قوپۇپ قارىساق، لەشكەرلەر ئېچىدىكى ئاتلارنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئېنىقلىساق، بىر كېچىدىلا ئىككى مىڭدىن كۆپرەك②ئات ئۆلۈپتۇ. پېقىرنىڭ يىگىرمە تۆت مەخسۇس ئېتىم بار ئىدى، ئۇ ئاتلار ساغلام ھالەتتە يېتىلەپ يۈرلەتتى. ئۇنىڭىن يىگىرمە بىرى ئۆلۈپتۇ. بۇ تۈتەك (ئىس) كېسىلى ئاتلارغا بەكرەك تەسىر قىلىدىكەن. بۇ تۈتەك ئاغرىقى تىبەتتىن باشقا يەردە بار ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

## تىبەت خەلقىنىڭ مەزھەب ۋە ئېتىقادىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، تىبەت خەلقى ئۆلىمالارنى بىردەك ھالدا «لاما» دەيدۇ. لېكىن، ھەرقايسى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىلىملىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسىسىنى باشقا-باشقا ئات بىلەن ئاتايدۇ. [بىزدە «ئىمام»، «مۇجتەھىد» دېيىلگىنىدەك، ئۇلاردىمۇ «تۇنكابا»، «كىجوۋا» دېيىلىدۇ.] پېقىر ئۇلارنىڭ ئالىملىرى بىلەن ئارىدا تىلچى (تەرجىمان) قويۇپ كۆپ سۆزلەشتىم. سۆز نازۇك ۋە ئىنچىكە يەرگە يېتىپ كەلگەندە، تىلچى ئاجىز كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بىزمۇ ئاجىز بولدۇق، سۆز تۈگىمەي، چالا قالدى. ئەمما، [بۇ سۆھبەت ئارقىلىق] ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر مەلۇم بولدى، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى زاۋالسىز ئەزەلدە، دەسلەپكى

① ئۇپ، ھۇپ — ئىسسىق، يۇقىرى ھارارەت، م، ھۇپ تۇتۇپ كېتىش.
② بۇ سان موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قول يازمىسىدا ۋە پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك يېزىلغان. تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «مىڭدىن كۆپرەك» دېيىلگەن.

مەخلۇقاتلارنى ئاپىرىدە قىلىش ۋاقتىدا ۋە روھلارنى ئاپىرىدە قىلىش ۋاقتىدا، ھەربىر روھقا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ پاك ۋە يۈكسەك دەرگاھىغا ۋاسىل بولۇش يولىنى، دوزاختىن نىجاتلىق تېپىپ بېھىشكە كىرىشنىڭ يولىنى ئېنىقسىز، تىلسىز ھالدا تولۇق ۋە بىۋاسىتە چۈشەندۈرگەن؛ ئەرۋاھلارنى ۋاقىت تەقەززاسى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تۇپراققا ئارىلاشتۇرغان ۋە ئۇلارغا يۇقىرىغا ئۆسىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەن. تۇپراقنىڭ ئۆسۈملۈكلەرگە قۇۋۋەت بولۇشى شۇ سەۋەبتىندۇر. روھ يۈكسەكلىكتىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭدا پاكلىق، يارقىنلىق تۈگەپ، بىخۇدلۇق، ئۇنۇتقاقلىقتا گىرىپتار بولغان. نەچچە مۇددەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن روھ تۇپراققا ئارىلىشىپ تورۇشتىن تەرەققىي قىلىپ، تۆۋەن دەرىجىدىكى جەسەتلەردىن بىرەرسىگە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكەن بۇ ئورنى گەرچە تۆۋەن مەرتىۋىدىكى ئورۇن بولسىمۇ، لېكىن تۇپراققا ئارىلىشىپ تورغانغا سېلىشتۇرغاندا تەرەققىي قىلغانلىق. چۈنكى، ئۇ روھ ئاشۇ جەسەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەرەققىي قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇ بەدەندە يۇقىرى چەككە يېتىپ، تاماملانسا، ئۇ جەسەتتىن ياخشىراق ۋە ئالىيراق جەسەتكە كىرىدۇ. ئەگەر ئۇ جەسەتتىكى ھەرىكىتىدە كەمچىلىك سادىر بولغان بولسا، ئۇ جەسەتتىن تۆۋەنرەك ۋە ئاجىزراق جەسەتكە كىرىدۇ. ئەگەر ئۇ جەسەتتە يامانلىق قىلغان بولسا، يەنە تۇپراققا ئارىلاشقۇسىدۇر ۋە نەچچە مۇددەتكىچە تاشلاندۇق ھالەتتە تۇرغۇسىدۇر. روھ ئەنە شۇنداق جەسەتتىن جەسەتكە ئۆتۈپ تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر ئىنسان جەسىتىنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكۈسىدۇر. ئىنسانلىق مەرتىۋىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئەھۋاللىرىغا قارىتا بىلىش ۋە سېزىم ھاسىل بولىدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ ھەربىر جەسەتتە قايسى ئىشنى قىلىش بىلەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى ۋە قايسى يامان ئىشنى قىلىش بىلەن چېكىنگەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇنداق بىلىش ۋە سېزىش ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە يەتكەنلىكتۇر. روھ بۇ مەرتىۋىدە نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق يەنە بىر مەرتىۋىگە يېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئەزەلدىكى، يەنى دەسلەپ ئاپىرىدە قىلىنغان چاغدىكى ئەھۋاللار ئېسىگە چۈشىدۇ. شۇ چاغدا يۈكسەك ۋە مۇقەددەس تەڭرىدىن بىۋاسىتە، تىلسىز ۋە ئېنىقسىز ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى يادىغا كېلىدۇ. بۇ پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدۇر! بۇنداق زاتقا ئۆلۈم يوقتۇر، مەڭگۈلۈك ھايات نېسىپ بولغۇسىدۇر. ئۇنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى يوقالمىسىلا، تېنى بەرھايات تۇرغۇسىدۇر، قاچانكى جىسمانىي قۇۋۋىتى يوقالسا، تېنى ئۆلىدۇ، ئەمما پاك روھى قېلىپ قالىدۇ، ھەرقانداق كىشىدە ئاشۇ دەرىجىدە روھىي قۇۋۋەت بولسا، ئۇنى كۆرەلەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا تاشقى كۆز، يەنى جىسمانىي كۆز بىلەن ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ.»

[ئۇلارنىڭ دىن ۋە مىللىتى ئەنە شۇنداق ئىدى.] بۇ شاكا مۇنىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى بولۇپ، پۈتكۈل خىتاي مۇشۇ دىندا. خىتاي خەلقى ئۇنى «شاقىيا مونى» دەيدۇ، تىبەت خەلقى [«شاكا تۇبا» ۋە] «شاقا مۇنى» دەپ ئاتايدۇ. تارىخ كىتابلىرىدا «شاكا مۇنى» دەپ يېزىلغان. بەزى تارىخ كىتابلىرىدا شاكا مۇنىنى ھىندىلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىغان. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇنى تېۋىپ بەھرەۋى ھېكىم دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى شۇكى، كىشى دىن ۋە مەزھەپنى قوبۇل قىلىش بىلەن بېھىشكە كىرمەيدۇ. بەلكى، ئىش ئەمەلى بىلەن كىرىدۇ، ياخشى ئىش ئەمەللەرنى قىلسا بېھىشكە كىرىدۇ، يامان ئىشلارنى قىلسا دوزاخقا كىرىدۇ. [مۇسۇلمانمۇ،] كاپىرمۇ ئاشۇنداق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — گە نىسبەتەن مۇنداق قارايدۇ: ھەممە ئادىمىزاتنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرىشىنىڭ پەرز

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىگە قايىل ئەمەس. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «شاكا مۇنى: «مەندىن كېيىن يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر كېلىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا جاڭا كاساپا ئاتلىق بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالىدۇ. پۈتكۈل ئالەمنى ئۇنىڭ مۇبارەك دىنى تولۇق ئالىدۇ. قاچانكى ئۇ پەيغەمبەر دۇنياغا كەلسە، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى پەرز بولىدۇ. سائادەتمەن ئۇممەتلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشنى كېچىكتۈرمەيدۇ. مەن ئۆز ئۇممەتلىرىمگە شۇنداق ۋەسىيەت قىلىمەنكى، مېنىڭ بۇ ۋەسىيىتىمنى تاكى ئاشۇ شەرەپلىك پەيغەمبەر پەيدا بولغان زامانغىچە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بىر ـ بىرىگە يەتكۈزسۇن. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈرەتلىرى مۇنداق تەرزدە ۋە مۇنداق سۈپەتتە بولىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق سۈرەتلىك پەيغەمبەر پەيدا بولسا، مېنىڭ ئۇممەتلىرىم ئۇنىڭغا ھەممە خالايىقتىن ئىلگىرى ئىمان كەلتۈرسۇن، دەپ ۋەسىيەت قىلغان.» مۇشۇ زاماندا ھەممە بۇتخانىلاردا چوڭ بىر بۇتنى ئەڭ يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھەممە بۇتلارنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنى جاڭاكاساپانىڭ سۈرىتى، دەيدىكەن. جاڭا كاساپانىڭ سۈرىتىنى شۇنداق تەقلىدتە تەرىپلىشىدۇكى، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توغرا كېلىدۇ.

يېقىر ئۇلارغا:

— شاكا مۇنىنىڭ تەرىپلىگىنى ۋە سىزلەرنى ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋەسىيەت قىلغىنى دەل بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — دۇر، — دېدىم.

ئۇلار:

— شاكا مۇنى: «مەندىن كېيىن يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر كېلىدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەردىن ئاز قىسمى پەيدا بولدى، كۆپىنچىسى تېخى پەيدا بولمىدى، — دەيدۇ.

يېقىر كۆپ چۈشەندۈرۈپ:

— يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر تولۇق پەيدا بولۇپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپ بولدى، [ئاخىرقى پەيغەمبەرمۇ پەيدا بولدى،] — دەپ كۈچەپ ئېيتقان بولساممۇ، ئۇلار ئىشەنمىدى. شۇ سۆھبەتتىن ئاداشقان يولىدىن چىقالماي قالدى.

[بىر ئەھۋال شۇكى]، زۇنكې تىبەتنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ۋىلايەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ۋىلايەتتىن فارفى چىقىدۇ. [يېقىر ئۇ يەردە] خىتاي پادىشاھىنىڭ خىتايچە خەت بىلەن يېزىلغان يارلىقىنى كۆردۈم، يەنە بىر بۇرجەككە شۇ مەزمۇننى تىبەت خېتى بىلەن پۈتۈپتۇ. يەنە بىر بۇرجىكىدە ئۇنى فارسچە تىلغا تەرجىمە قىلىپ، نەسخ نۇسخىسىدىكى خۇش خەت بىلەن پاكىز قىلىپ پۈتۈپتۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ھەزرىتى پادىشاھ ھەممە خالايىققا ياخشىلىق ئەۋەتىش بىلەن شۇنى ئېيتىدۇكى، شاكا مۇنىنىڭ بۇتپەرەستلىك مەزھىپىنى پەيدا قىلغىنىغا ئۈچ مىڭ يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ پەمى يەتمەيدىغان ئىنچىكە سۆزلەرنى سۆزلەپتۇ. . .» دەپ پۈتۈپتۇ. مېنىڭ ئېسىمدە قالغىنى مۇشۇ يەرگىچە ئىكەن. يەنە بۇتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى، ياسىلىشى ۋە تەرتىپ ـ نىزامى ھەققىدە كۆپ سۆزلەر بار ئىكەن. ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. دېمەك، شاكا مۇنىنىڭ تارىخى ئۈچمىڭ يىلدىن كۆپرەك دېيىلىپتۇ. ئۇ يارلىققا تارىخ يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇ يېزىلغىنى ھىجرىيە تارىخى ئەمەس، شۇڭا ئۇ تارىخ بىلەن بىزدىكى تارىخ يېقىن كەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇ خەتنىڭ نۇسخىسى ۋە كونىلىقىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇ يارلىقنامە يېزىلغىنىغا يۈز يىلدىن ئاشمىغان بولسا كېرەك. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. يېقىر زۇنكېگە تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق

رەبىئەل - ئەۋۋەل[1] ئېيىدا بارغانىدىم.
يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، قوتاز ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە بەكمۇ خەتەرلىك ياۋايى ھايۋاندۇر. چۈنكى ئۇ ئادەمگە يېتىشىۋالسا، تىمىلا قىلسا ئادەم ھالاك بولىدۇ. مەيلى ئۇ ئۇسسۇن ياكى تەپسۇن ئادەم سالامەت قالمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا پۇرسەت تاپالمىسا تىلى بىلەن ئادەمنى ئىلىپ، ھاۋاغا ئاتىدۇ، ئادەم يىگىرمە گەز ئېگىزلىككە ئۆرلەپ ئاندىن يەرگە چۈشىدۇ - دە، تىرىك قالمايدۇ. بىر قوتازنىڭ گۆشى ئون ئىككى ئاتقا يۈك بولىدۇ. بىر پۇت گۆشنى بىر ئادەم ھېچقانداق قىلىپ كۆتۈرەلمەيدۇ. پېقىر بىر ۋاقىتتا بىر قوتازنى ئۆلتۈرگەنىدىم. ئۇنى يەتمىش كىشىگە تەقسىم قىلغانىدۇق، ھەربىر كىشىگە تۆت كۈنلۈك ئوزۇق بولغۇدەك گۆش تەگدى. بۇ جانىۋار تىبەتتىن باشقا يەردە ئۇچرىمايدۇ.
تىبەتنىڭ باشقا ئەھۋاللىرى تىبەتكە لەشكەر تارتقانلىق ھەققىدىكى بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى.

## خاننىڭ تىبەتكە غازات يۈرۈشى قىلغانلىقىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، غازات — ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ۋە دىن بىناسىنىڭ مۇستەھكەم تۈزۈلمىسىدە چوڭ تۈۋرۈكتۇر. ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە «قۇرئان» ھۆكۈمى سۆزلەيدۇ ۋە ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ مۆجىزىلەرنى نامايان قىلغۇچى مۇبارەك تىللىرىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھەدىسلەرنى بايان قىلغان.
ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەربىر ئىبادەتنىڭ پەزىلىتى ئەپسىنىڭ تارتقان رىيازىتىگە يارىشا بولىدۇ. غازات بولسا شۇنداق ئىبادەتتۇركى، ئۇنىڭدا ئەپسىنى پۈتۈنلەي يەربات قىلىپلا قالماي، بەلكى جاندىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن ھېچقانداق ئىبادەت ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىننى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە مىللەتنى ئاشكارا قىلىشقا نىسبەتەن غازاتنىڭ ئالاقىسى كۆپ، باشقا ھېچقايسى ئىبادەتنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ دەرىجىدە ئالاقىسى يوق. غازاتنىڭ يەنە بىر پەزىلىتى شۇكى، غازات قىلىش مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە خاس ئادەتتۇر. چۈنكى، گەرچە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ غازات قىلىش بۇيرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار گەرچە غازاتقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، پەقەت كۇپپارلارنىڭ قېنىنى تۆككەندىن باشقا، كۇپپارلارنىڭ ھېچ نەرسىسى ئۇلارغا ھالال ئەمەس ئىدى. ئەبەدىيلىك دەرگاھىنىڭ جانباز ئاشىقلىرى يىگانىلىك بارگاھىنىڭ ئەزىز دۆلەتمەنلىرى بۇ سائادەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىخلاس كەمىرىنى بەللىرىگە باغلاپ، قىممەتلىك ھاياتىنى مۇشۇ ھەقىقىي تەلەپ ئۈچۈن بەدەل قىلدى ۋە بۇ بەدەل ئۈچۈن جانلىرى بىلەن مىننەتدار بولدى. نەزم:

مۇمكىن ئولسە ئېردى جان نەقدىغە ئالماق ۋەسلى يار،
تاللىبى ۋەسل ئولغاي ئېردى ھەر كىشىكىم جانى بار.

① ھىجرىيە 940 - يىلى رەبىئەل - ئەۋۋەل ئېيى مىلادىيىنىڭ 1533 - يىلى 10 -، 11 - ئايلار ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەت شۇكى، خان تەۋبە قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆزى غازات ئىشلىرىنى ئادا قىلىشنى ھەمىشە ئارزۇ قىلاتتى؛ بۇ ساۋابلىق ئىشنىڭ تەشنالىقى ۋە ئىشتىياقى تۆپەيلىدىن ھەر يىلى غازات قىلىشقا لەشكەر ئەۋەتەتتى، لېكىن ئۇ ئىشنى ئۆزى ئادا قىلمىغاچقا، كۆڭلى تەسكىن تاپمايتتى. ئاخىر تارىختا توققۇز يۈز ئوتتۇز سەككىز، زۇلھەججە ئېيىدا[1] خان تىبەت غازىتىغا يۈرۈش قىلدى.

يۇقىرىدا تىبەتنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى باياندا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، [تىبەتنىڭ شىمالىي چېگرىسى بالتى ۋىلايىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى بەلۇر ۋە بەدەخشانغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ قىش پەسلىدىكى كۈن چىقىش تەرىپىدە ياركەند ۋىلايىتى، غەرب تەرىپىدە كەشمىر ئورۇنلاشقان.]

خان ئىسكەندەر سۇلتاننى ماڭا قوشۇپ تىبەتكە يۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۆزى خوتەن يولى بىلەن دۇلپا دەپ ئاتىلىدىغان ئالتۇنچى تىبەتكە قاراپ يۈزلەندى.

## بۇ كىتاب مۇئەللىپىنىڭ تىبەتكە كەلگەنلىكى ۋە ئاشۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

پېقىر شۇ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا[2] يۈرۈشنى باشلىدىم؛ سەپەر ئېيىنىڭ بېشىدا[3] تىبەتنىڭ ئېتىبارغا سازاۋەر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان نۇبرەگە يېتىپ باردىم. ئۇنىڭغا تەۋە بولغان ھەممە يەرگە كىشى ئەۋەتىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئومۇمىي چاقىرىق قىلدۇق. بېيىت:

*سەلايى دەئۋەئى ئام ئولدى دىنى ئەھمەدكە،*
*خۇش ئول كىشىكى ئاڭا كەلسە [نەسىبەسىن ئالسە].*

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىتائەتكە بويۇن سۇندى. نۇبرەنىڭ سىپاھلىرى بويۇنتاۋلىق قىلىپ، «[قارشىلاشتى]»، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ سېپىل ۋە قەلئەلىرى ئىچىگە بېكىندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭى بۇرقەپا دېگەن كاپىر ئىدى. [ئۇ ئاشۇ ۋىلايەتنىڭ باش قەلئەسى بولغان ھۇندەرە قەلئەسىگە بېكىندى]. پېقىر ئاشۇ ھۇندەرە قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلدىم، نەچچە كۈنگىچە قەلئەنى قورشاش ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلدۇردۇم. پېقىر قەلئەنى ئېلىشقا يۈزلەنگەن كۈنى ئىسلام قوللىرىنىڭ كۈچلۈك پەنجىسى كۇپپار تائىپىسىگە شىـــكەستە يەتكۈزدى. يۈكسەك ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ: «ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇپرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتتىن ئوڭاي يوقىلىدۇ، دېگىن»[4] دېگەن سۆزىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن، كۇپپارلار قەلئەنى تاشلاپ، پاراكەندە ۋە تالان - تاراج بولدى. ئىسلام ئەھلىدىن

---

① ھىجرىيە 1938 - يىلى زۇلھەججە ئېيى مىلادىيىنىڭ 1532 - يىلى 7 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

② ھىجرىيە 938 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرى مىلادىيىنىڭ 1532 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

③ بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 939 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ بېشى مىلادىيىنىڭ 1532 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

④ «قۇرئان كەرىم»، 17 - سۈرە بەنى ئىسرائىل 81 - ئايەت.

ھەربىر كىشى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغلاپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇ ئازغۇن قوۋمدىن ھېچبىرى قۇتۇلۇپ قالالمىدى. بۇرقەپانى پۈتكۈل سىپاھىلىرى بىلەن قوشۇپ قەتلىئام قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن مۇنار قوپاردى. بۇ سىياسەتنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئۇ تەۋەلىك ئىچىدىكى كۇپپارلارنىڭ دىمىقىدىن ئۆرلىگەن دۇت ئاسمانغا يەتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا قارشىلاشقۇدەك ۋە باشتۇتقۇلۇق قىلغۇدەك ماجال قالمىدى. پۈتكۈل نۇبرە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىپ، قەلئەلىرىگە لەشكەر ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، تولۇق قولغا كىرگۈزدۇق.

ئاندىن كېيىن مارىيۇل ۋىلايىتىگە چۈشتۇق. مارىيۇلنىڭ ئىككى ھاكىمى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرى — لاتە جوغدان، يەنە بىرى — تاشكۈن ئىكەن، بۇ ھاكىم خىزمىتىمىزگە كەلدى. بۇ كۈنلەر قۇياش مىزان① يۇلتۇزىنىڭ بۇرجىغا② كىرگەن ۋاقىت ئىدى. مىزان پەسلىدە پۈتكۈل تىبەت ۋىلايەتلىرىدە شۇنداق سوغۇق بولىدۇكى، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ قىشى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا گوياكى تومۇزدۇر. شۇڭا، ھەمراھ بولۇپ بارغان ئەمىرلەر بىلەن قىشلايدىغان يەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئارىغا سالدۇق. «قىشلاشقا قايسى ۋىلايەت مۇۋاپىق؟» دەپ، تولا تەھقىقلەپ سۈرۈشتۈردۇق. تىبەت تەۋەسى ئىچىدە، ھېچ مۇۋاپىق يەردىن نام-نىشان بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى پىكىر كەشمىرگە بېرىشقا قارار تاپتى. «بۇ قىشتا كەشمىرگە بارايلى، ئەگەر كەشمىرنى ئىشغال قىلىپ قالساق تېخى ياخشى، بولمىغاندىمۇ، بۇ قىشنى كەشمىردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىيازدا تىبەتكە يېنىپ كېلىمىز» دەپ كېڭىشىپ، كەشمىرگە بېرىشنى قارار قىلدۇق. مارىيۇلدىن شۇ تەۋەدىكى تىبەت لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ئۆز لەشكەرلىرىمىزگە قوشۇپ، كەشمىرگە يۈزلەنگەنىدۇق، شۇ ئەسنادا خاننىڭ مۆتىۋەر ياساۋۇللىرىدىن ئابدالقۇلى ياساۋۇل يېتىپ كېلىپ:

— خانىمۇ بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلغانىدى. بۇ يولغا خاس بولغان تۇتەك كېسەللىكى خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا تەسىر قىلدى. خان سىزلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە تولىدىن-تولا ئىنتىزاردۇر، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. پېقىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان لەشكەرنى ئاشۇ مەنزىلدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم خاننىڭ ئىستىقبالىغا بېرىپ، دىدارلىشىش شەرىپىگە ئېرىشتىم.

## خاننىڭ تىبەتكە كەلگەنلىكى ۋە پېقىرنىڭ كەشمىرگە بېرىشقا رۇخسەت بېرىپ، ئۆزى بالتىغا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بايانى

خان ئۆزى خوتەن يولى بىلەن دۇلپاغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، پېقىرنى بالتى تەرەپى بىلەن ماڭدۇرغانلىقى يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەنىدى. خان بىر ئايلىق يولنى خوتەن

① مىزان — ئۆلچەم، تارازا؛ ئاسماندا قاتار جايلاشقان ئۈچ يۇلتۇزنىڭ ئىسمى؛ قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە كۆكتىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ يەتتىنچىسى بولۇپ، توققۇزىنچى ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇرج — يەر شارىنىڭ ئېكۋاتور سىزىقىغا پاراللېل كەلگەن ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئېكلىپتىكا سىزىقى بويلاپ جايلاشقان 12 تۈركۈم يۇلتۇزلار توپى ۋە ئۇنىڭ ئورنى.

تاغلىرىدا ۋە يايلاقلىرىدا ئۆتكۈزۈپتۇ. سۇنبۇله[1] پەسلىنىڭ ئاۋۋىلى بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ تەۋەدىكى خالايىق ئەرز قىلىپ:

— ئەي ئالىي مەرتىۋىلىك خان، ئەمدى مەقسەتكە قەدەم قويىدىغان پۇرسەت قالمىدى. چۈنكى، بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈشكە يۈرۈش قىلىدىغان ۋاقىت ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە ھەممە سۇلار مۇزلايدۇ، شۇ دەرىجىدە مۇزلاپ كېتىدۇكى، مۇتلەق سۇ تاپقىلى بولمايدۇ، ئوتۇنمۇ يوق، [ئاش ـ تاماق ئېتىش ۋە مۇز ئېرىتىپ ئات ـ ئۇلاغلارنى سۇغىرىشقا] زۆرۈر ئېھتىياجنى قامدىغىدەك قوتاز تېزىكى تېپىش ئۈچۈن ھېسابسىز كۆپ ئىزدىنىشكە ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىرنەچچە نۆۋەت بۇ يولدا لەشكەرلەر ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ پىيادە قالغان، — دېدى.

بۇ يولغا كىرىشكە بولمايدىغانلىقى خاننىڭ كۆڭلىگە ئورناشتى. شۇڭا خان:

— نىيەتنى بىكار قىلىش كاتتا ساۋابتىن مەھرۇم بولۇشقا سەۋەب بولغۇسىدۇر، ئەگەر بۇ يول مۇشكۈل ۋە خەتەرلىك بولسا، مىرزا ھەيدەر بارغان يول بىلەن بارايلى ۋە غازاتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئاخىرىغا چىقىرايلى، — دەپ، خوتەندىن قايتىپ، پېقىر كەلگەن يول بىلەن يۈرۈش قىلىپتۇ. ئەمما، بۇ يولدا كەلگۈچە خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا تۇتەك كېسىلى يۈزلىنىپتۇ. [مىزاجى مۆتىدىللىكىنى يوقىتىپ، شۇ دەرىجىگە يېتىپ بېرىپتۇكى، كۈن ـ كۈنلەپ بىھوش ۋە سېزىمىنى يوقاتقان ھالەتكە چۈشۈپ قىلىپتۇ. ھاياتتىن ئاخىرقى تىنىقىسلا قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. تېۋىپلار نەپەسلەندۈرگۈچى ھەر خىل دورىلارنى ئىشلىتىپتۇ. ئۇنۇملۇك دورىلار تەسىر قىلغانسېرى خان ئېسىنى يىغىدىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن قايتىدىن ئېسىنى يوقىتىدىكەن. ئېسىنى يىغقان] ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئەركانلىرىغا پەرمان قىلىپ:

— گەرچە مىزاجىمنىڭ قۇۋۋىتى غازاتنى ئادا قىلىشقا ۋاپا قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسەت ۋە نىيەتلىرىمىزگە نۇقسان يەتمىسۇن. گەرچە دوستلار سۆھبىتىدىن يىراقتا بولساقمۇ، لېكىن مۇستەھكەم ئىرادىلىك جامائەتكە قوشۇلايلى. نىيىتىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرماي، مۇشۇ يولدا ئۆلەيلى. تېنىمدە جان ئىزناسى ۋە بەدەندە تىنىق ئەسىرى بولسىلا، مېنى ئەلۋەتتە جەڭ مەيدانى تەرەپكە ئېلىپ يۈرۈڭلار. قاچانكى جېنىم قۇشى بەدىنىم قەپىزىدىن ئۇچۇپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئىختىيار سىزلەردە بولسۇن، — دەيدىكەن ۋە شۇ ھالەتتە پېقىرنى سورايدىكەن، [ھاياجانلانغان ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا] — مۇشۇ تاپتا بەرىكەتلىك ۋە يۈكسەك تەڭرىدىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغۇچە جاننى ماڭا ئامانەت بېرىپ تۇرغان بولسا، بۇنىڭدىن باشقا ئارزۇيۇممۇ يوق ئېدى، — دەپ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا مۇشۇ مەنىدىكى شېئىرلارنى ئېيتىدىكەن. بۇ بېيىت ئاشۇلاردىندۇر، بېيىت:

*زى جانەم يەك رەمىق ماندەست رەۋىشى ئارزۇ دارەم،*
*زى مېھرى قەتلى مەن ئان نامۇسۇلمان دەير مىئايەد.*

---

تەرجىمىسى:

① سۇنبۇلە ـ باشاق، ئاينىڭ نامى؛ كونا ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئالتىنچىسى بولۇپ 8 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

*جىنىمدىن بىر تىنىق قالدى، يەنە ئارزۇ يولىن تۇتتۇم،*
*مېنى مېھرىدە ئۆلتۈرگەن ئامۇسۇلمان يارنى كەلتۈر.*

خان ئاشۇ كۈنلەردە ھوشىغا كەلسىلا، ھامان ئاشۇنداق مەنىدىكى شېئىرلارنى تەكرار ئېيتىدىكەن. ئاجايىپ ئەھۋال شۇكى، خان شۇنچە ئېغىر ۋە شىددەتلىك ئەھۋالدا بولسىمۇ ھېچبىر يەردە توختىماپتۇ. چۈنكى ئەگەر ھايال بولۇپلا قالسا، سوغۇقنىڭ شىددىتى، ھاۋانىڭ يامانلىقى، سۇ ۋە يەم - خەشەك، ئوت - چۆپنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا خەتەر يېتەتتى ۋە بۇ ھايال بولۇش خاننىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا سەۋەب بولاتتى. بۇنداق كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئامالى شۇكى، ھەرقانداق ئامال بولسا قىلىپ، دەم سىقىلىش ئازراق بولىدىغان يەرگە يېتىۋالسا، ھەر ھالدا دەم توتۇلۇش ئاغرىقى پەسىيەتتى - دە، خان ھوشىغا كېلەتتى. خان ئاشۇنداق جايغا ئېلىپ كېلىنىپ، ھوشىغا كەلگەن ئىكەن.] شۇ كۈنى پېقىر خاننىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ باردىم. ئۆزئارا قول ئېلىشىپ قۇچاقلاشقاندىن كېيىن، خان يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— دوستلىرىم ۋە پەرزەنتلىرىم ئىچىدىن ھېچبىرى يادىمغا يەتمىدى، پەقەت سېنى كۆرۈش ئارزۇسىدا كۆڭلۈم بىردەممۇ ئارام تاپمىغانىدى. خۇداغا شۈكرى، سېنى كۆردۈم، ھېچ ئارزۇيۇم قالمىدى، — دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى، بېيىت:

*پەيكى ئەجەل يەتسە ئەگەر مىن لەدەيى،*
*ئىننە لىللاھى ۋە ئىننە ئىلەيھى.*

يەشمىسى:

*ئەجەل خەۋىرى يەتسىمۇ گەر رازىدۇرمىز،*
*بىز تەڭرىگە تەۋە، شۇ يان بارۇرمىز.*

شۇ كۈندىن باشلاپ كۈندىن كۈنگە خاننىڭ مىزاجىغا ساقلىق ۋە تەبىئىتىگە قۇۋۋەت يۈزلىنىشكە باشلىدى؛ تاكى نۆۋەتكە يېتىپ بارغۇچە تولۇق ساغلام ھالەتتىكى شاراپەتلىك مىزاج پەيدا بولدى. شۇڭا، بەختىيارلىق ئاياغلىرىنى سائادەت ئۈزەڭگۈسىگە قويۇپ، ئاتلىق ھالەتتە نۆۋەتكە كىردى.

شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئەمىرلەر يىغىلىپ كېڭەش قىلدى.[ ھەر كىم ئۆزى مۇۋاپىق تاپقان سۆزنى مەسلىھەت مەيدانىدا ئوچۇق - ئاشكارا بايان قىلدى.] پېقىر خانغا مۇنداق مەلۇم قىلدىم:

— ئەي ئالىي شان - شەۋكەتلىك، سۇلايمان سۈپەت خان، تالاي قېتىم تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ كۆردۈك، تىبەت تەۋەسىدە مىڭ كىشىدىن ئارتۇق كىشى قىشلىيالىغۇدەك يەر يوقكەن. مىڭ كىشىگە تىبەت خەلقىنىڭ بويۇنتاۋلۇق قىلىپ قارشىلىشالىشى ناتايىن. بۇنچە كۆپ لەشكەرگە قىشلاق قىلىشقا كەشمىردىن باشقا جايدىن نىشان پەيدا قىلمىدى. ئەمما، كەشمىرنىڭ يولىدا تاغ - داۋانلار كۆپ. [ ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكە خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىنىڭ قۇۋۋىتى يار بەرمەيدۇ. ئەگەر ئالىي مەرتىۋىلىك خاننىڭ شەرەپلىك رايىغا مۇۋاپىق كەلسە، ئۈچ مىڭ ئادەم بىلەن بىللە ئامان - ئېسەنلىك ۋە بەختىيارلىق تىزگىنىنى] بالتى تەرەپكە

www.uyghurkitap.com



قارىتىپ تارتسا، مۇۋاپىق بولىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى بالتىغا بارغۇچە داۋان ۋە تۈتەك بارلىقى مەلۇم ئەمەس. پېقىرنى قالغان لەشكەر بىلەن كەشمىرگە يۇرۇشكە يارلىق قىلىسىڭىز، باھار پەسلى يېتىپ كەلگەندە ھەرقانداق مەسلىھەت بولسا، ئالدى بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن.

خان پېقىرنىڭ بۇ پىكرىمنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، مۇشۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى تىبەتتە كۆپ لەشكەر سىغمىدىغان يەرنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولغانىدى.

پېقىر:

— بەش مىڭ كىشىدىن ئۈچ مىڭ كىشى خاننىڭ خىزمىتىدە بولسا، پېقىر ئىككى مىڭ كىشى بىلەن بارسام، — دەپ ئەرز قىلغانىدىم. ئەمما، خان مىڭ كىشىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ قىلىپ، بالتىغا يۈزلەندى، تۆت مىڭ كىشىنى ماڭا قوشۇپ، كەشمىرگە ماڭدۇردى؛ قەشقەر ياسالىنىڭ بايانىدا نامى زىكىر قىلىنىغان ئەمىر دائىمئەلىنى، بابا سارىغ مىرزىنى ۋە باشقا بىرقانچە [مۆتىۋەر خاس] ئەمىرلەرنى پېقىرغا قوشۇپ بەردى.

# خاننىڭ بالتىغا بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە دۈچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، خان تىبەتكە كېلىپ مىزان پەسلىنىڭ ئاخىرىدا[①] بالتىغا يېتىپ كەلدى. بالتىنىڭ سەردارلىرىدىن بەھرام جو ئىتائەت ھالقىسىنى بويىنىغا سېلىپ، خاننىڭ تەختىنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. بالتىنىڭ قالغان جولىرى كۇپپارلار ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئادىتى بويىچە قارشىلىق ۋە توپىلاڭ قوزغىدى. بەھرام جونىڭ مەسلىھەتى بويىچە بالتىنىڭ مەركىزى بولغان شىگار قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ قەلئەنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ئەرلەر سائادەتمەن لەشكەرلەرنىڭ قان ئىچكۈچى شەمشەرلىرىگە يەم بولدى. ئاياللار ۋە بالىلار غالىپ ئەسكەرلەرگە ئولجا ۋە غەنىيمەت بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاغلىقلاردىكى ھەربىر ۋىلايەتمۇ قالماي يۈرۈش بىلەن ئىشغال قىلىندى، ھادىسىلەرنىڭ قوللىرى يېتىشكە قىسقا كەلگەن قەلئەلەرمۇ خاننىڭ غالىپ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئايىغىدا پايمال بولدى.

بۇ يىلى قار كۆپ ياغقانلىقى ئۈچۈن يوللار توسۇلۇپ، كەشمىردىن خانغا ھېچ سۆز ئاڭلانمىدى. لېكىن، كۇپپارلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىلمۇخىل يالغان ۋە شۇم خەۋەرلەرنى كەلتۈرۈشۈپتۇ. شۇ سەۋەبتىن خان ۋە بارلىق ئىسلام لەشكەرلىرى غەمكىن بولۇپتۇ. شۇ قىشنىڭ ئاخىرىدا پېقىر كەشمىردىن ئەۋەتكەن خەۋەرچى غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ غەملىرى شادلىق ۋە خۇشاللىققا ئالمىشىپتۇ. خان باشلىق ھەممە ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەر ئەڭ ئۇلۇغ ۋە دانا پادىشاھ بولغان ھەزرىتى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا تەشەككۇرلەر ئېيتىپ: «جېمى ھەمدۇ سانا بىزدىن قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.»[②] دېگەن ئايەتنى تەكرارلاشقا مەشغۇل بولۇپتۇ.

شۇ باھار پەسلىدە خان بالتىدىن يېنىپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا پېقىر نۇبرەنى ئىشغال قىلىپ، ئىگىدارچىلىقىمىزغا كىرگۈزۈپ، خانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كەشمىرگە ماڭغانىدىم. خان نۇبرەنى قەتبەر كۆكەلداش — ئۇنىڭ نامى قەشقەر ياسالىنىڭ بايانىدا زىكىر

---

① ھىجرىيە 938 ـ يىلى مىزان پەسلىنىڭ ئاخىرى مىلادىيىنىڭ 1532 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

② «قۇرئان كەرىم»، 35 ـ سۈرە فاتىر، 34 ـ ئايەتنىڭ ئالدىنقى يېرىمى.

قىلىنغانىدى — قا تاپشۇرۇپ بەرگەنىكەن، ئەمما قەنەر كۆڭەلداش ئىنتايىن بوشاڭ، تەدبىرسىز ۋە مۇئامىلىدە قوپال بولغاچقا، ئۇ ۋىلايەتنى شۇنچە خاراب قىلىپتۇكى، پۈتكۈل خالايىق بۆلۈنۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھەرقايسىسى مۇستەھكەم يەرلەرگە بېكىنىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن خان نۇبرەدە تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، مارىيۇلغا كېلىپتۇ. تاشكۈن خانغا مۇلازىمەت قىلىشنى كەيىنگە سۈرۈپ، پەرۋاسىزلىق ۋە ئەدەپسىزلىك قىلغاچقا، خان ئۇنىڭ قەلئەسىنى ئېلىپ، قەتلىئام قىلىپ، ئۇ قەلئەگە كىرىپ ئولتۇرغانىكەن، يېقىن كەشمىردىن يېتىپ كەلدىم. بۇ ئىش پات پۈرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسى:

## بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، يېقىن نۇبرە ئەمىرلىرى بىلەن خان بىزگە قوشۇپ بەرگەن لەشكەرنى ئېلىپ، مارىيۇلغا كېلىپ، ئۆز لەشكىرىمگە قوشۇلدۇم. ئاندىن كەشمىر تەرەپكە تېزلىكتە يۈرۈش قىلدۇق. يول بويىدىكى تىبەت يۇرتلىرىنىڭ سەردارلىرى ھەممىسى بىزگە تەۋە بولۇپ، لەشكەرلىرىنى قوشۇپ بەردى. بالتى خەلقىنىڭ بەزىلىرى باشچى بولۇپ، يول باشلاپ مېڭىۋاتاتتى.

تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇز ئەقرەب پەسلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، جۇمادىلئاخىر ئېيىنىڭ بەشىنچى كۈنىدە[1] كەشمىرنىڭ زوجى دېگەن جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق. ئەمما، بۇنىڭدىن بۇرۇنراق كەشمىر سەردارلىرى بىزنىڭ كەشمىرگە يۈزلەنگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، لار دېگەن يەردىكى تار ئۆتكەلنى توسقانىكەن. بىز زوجى جىلغىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتكۈل لەشكەر ئىچىدىن جەڭ كۆرگەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان باتۇرلارنى تاللاپ، تۆت يۈز كىشىنى ئالدىن يۈرەر قوشۇن قىلىپ ماڭدۇردۇق. بۇلارغا تۇمەن باھادىر قالۇچىنى سەردار قىلىپ تەيىنلىدىم. بۇلار تار ئۆتكەلگە يېتىپ بېرىپتۇ. كەشمىر لەشكىرى لار ئۆتكىلىنىڭ ئىچىدە ئىكەن، ئۆتكەلنىڭ بۇ بېشىدا بىرمۇنچە كىشىنى قاراۋۇللۇققا قويغانىكەن. بۇلار سۇبھى ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، قاراۋۇللۇقتا تۇرىۋاتقان كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپتۇ. ئۇ خالايىق قېچىپتۇ، ئەمما بۇلار ئامان بەرمەستىن ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۇ كەشمىر لەشكەرلىرى قاراۋۇللارنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى سوراپ بولغۇچە، تۆت يۈز باھادىر يېتىپ بېرىپتۇ - دە، كەشمىر لەشكەرلىرى يولنى توسۇشقا پۈرسەت تاپالماي قېچىپتۇ. شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا يېقىن يېتىپ باردىم. شۇنداق قىلىپ، لار ئۆتكىلىنىڭ تار ۋە مۇشكۈل يېرىدىن ھەممە لەشكەر ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتۇك. ئاندىن يۈرۈپ، ئارىدا بىر قونۇپ، ئەتىسى كەشمىر شەھىرىگە كىردۇك. سۆز بۇ يەرگە يەتتى. ئەسلى ھېكايەتنىڭ روشەن ۋە ئوچۇق بولۇشى ئۈچۈن، كەشمىر شەھىرىنىڭ ئەھۋالى، رەسىم - قائىدىلىرى ۋە ھاكىم - سۇلتانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

---

[1] ھىجرىيە 939 - يىلى ئەقرەب پەسلىنىڭ ئوتتۇرىسى جۇمادىلئاخىر ئېيىنىڭ 5 - كۈنى مىلادىيىنىڭ 1533 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «جۇمادىلئاخىردا» دېيىلگەن، بەشىنچى كۈنى يېزىلمىغان، بۇنداق بولغاندا بۇ ۋاقىت مىلادىيىنىڭ 1532 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 1533 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## كەشمىرنىڭ ئەھۋالى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، كەشمىر يەر يۈزىدىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ۋە تونۇلغانراقى بولۇپ، خالايىقنىڭ تىللىرىدا ئاجايىپ - غارايىپ ئەھۋالى بىلەن مەزكۇر ۋە مەشھۇردۇر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھېچ كىشى ئۇنى تولۇق بىلمەيدۇ. قەدىمكى كىتابلاردا كەشمىرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئەھۋالى مەلۇم ئەمەس.

ھازىر تارىخقا توققۇز يۈز ئەللىك، مۇھەررەم ئېيىدۇر[1]، پېقىر كەشمىر ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئېگىلىدىم، ھەممە ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. كەشمىر ئەھۋالاتىدىن بۇ كىتابتا بايان قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزۈم كۆرۈپ ئېنىقلىغان ۋەقەلەردۇر.

پېقىر ئىككىنچى قېتىم كەشمىرگە كىرگەن ۋاقتىمدا ئۇنى تولۇق ئىگىلەپ بولالمىغانىدىم. كەشمىرنى تولۇق ئىشغال قىلىش نىيىتىدە «كەلامۇللاھ» (قۇرئان) دىن پال ئاچتىم. قارىسام «پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار. (سىلەرنىڭ جايىڭلار) ياخشى جايدۇر، (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر.»[2] دېگەن كەرەملىك ئايەت چىقتى.

كەشمىر زېمىنى بەكەنى [ئورۇنلاشقان غەربىي جەنۇب تەرەپتىن، يەنە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى ماچىن ئورۇنلاشقان] تەرەپتىن رىكەن [بايىــــن] تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان تۈزلەڭلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز كورۇھقا[3] يېقىنلىشىدۇ، يەنى ئوتتۇز پەرسەخ كېلىدۇ. كەڭلىكى بەزى يەرلىرى يىگىرمە كورۇھ، ئاز بىر قىسىم يەرلىرى ئون كورۇھ كېلىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ ئىچىدىكى پۈتكۈل يەرلەر تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، سۇ بىلەن سۇغىرىلىپ زىرائەت قىلىنىدىغان يەرلەر؛ ئىككىنچىسى، يامغۇر سۈيى بىلەن زىرائەت قىلىنىدىغان يەرلەر؛ [ئۈچىنچىسى، باغ - ئوتاغلار،] تۆتىنچىسى، تۈپتۈز مەيدانلار، يەنى يايلاقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىنەپشىلەر ۋە رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان. كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا ۋە ئېقىن بويلىرىدىمۇ خىلمۇخىل گۈللەر ئۈنگەن، بۇ يەرلەردە ھۆللۈك بەك زىيادە بولغانلىقتىن زىرائەت ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق يەرلەر بىكار تۇرىدۇ. [شۇنداقتىمۇ بۇ يەرلەر كەشمىرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.]

ياز كۈنلىرىدە كەشمىرنىڭ ھاۋاسى شۇ قەدەر يېقىملىقكى، ھېچقانداق چاغدا يەلپۈگۈچكە ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. چۈنكى، ھەمىشە جاننى ياشناتقۇچى مەيىن شامال ئېسىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تاڭ شامىلىنىڭ خۇش ھاۋاسى، خۇددى ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپەسلىرىدەك كىشىگە يېڭى روھ بېغىشلايدۇ؛ [گۈل - چېچەكلەرنىڭ بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. تىتىماي سايراۋاتقان بۇلبۇللار ئۆزىگە خاس تىللىرى بىلەن كىشىگە: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ، دېدى»[4] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقاندەك تەسىرات بېرىدۇ، بېيىت:

---

① ھىجرىيە 950 - يىلى مۇھەررەم ئېيى مىلادىيىنىڭ 1543 - يىلى 4 -، 5 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

② «قۇرئان كەرىم»، 34 - سۈرە سەبەئ، 15 - ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

③ كورۇھ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر كورۇھ تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

④ «قۇرئان كەرىم»، 36 - سۈرە ياسىن، 78 - ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

*بادىكى گەزۇ ئەفھەگى جانان گايەد،*
*بەر قالىبى فەراسۇدەگى كەس جان گايەد.*

تەرجىمىسى:

*ئۇنىڭ شامىلىدىن خۇش بۇيى جانان كېلىدۇ،*
*ۋەيرانە كۆڭۈلگە يېڭىدىن جان كېلىدۇ.]*

ئۇنىڭ قىش پەسلىدىكى ھاۋاسى شۇ قەدەر مۆتىدىلكى، ھەرقانچە كۆپ قار ياغسىمۇ، جۇۋا كىيىشكە ئېھتىياج بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتنىڭ سوغۇقى ئۇنىڭ تەبىئىي ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. نۇرلىرى بىلەن ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش مەشئىلىنىڭ ھارارىتى بولمىغان چاغلاردىمۇ، تەبىئەت ئوتىنىڭ ھارارىتى پەسەيمەيدۇ. خۇددى مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك، بېيىت:

*ئەگەر گەردۇن غۇبار ئالۇدەۋۇ تەبىئىم مۇشەۋۋەشدۇر،*
*بۇ كۆنلەرگە مۇناسىب بادەۋۇ خىرگاھى ئاتەشدۇر.*

بۇنداق چاغلاردا كەشمىردە بەزىدە شۇنداق كۈنلەر بولىدۇكى، ئۇنىڭ ھاۋاسىدىن ئاللاھنىڭ: «ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا. . .»① دېگەن نىداسى ئايان بولسا، جان بېغىشلىغۇچى خۇش پۇراقلىرىدىن «تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقارغۇچى. . .»② دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاشكارا بولىدۇ. سەھرالىرىدىكى كۆكلەمزارنىڭ يېقىملىقلىقىدىن جەننەت چىمەنزارى ئابرۇيى تاپىدۇ. ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ گۈل - چېچەكلىرىنى كۆرسە ئىرەم گۈلىستانى رەڭگىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ يەرلەردىكى ئېقىنلار «. . . ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان [جەننەتكە كىرگۈزىدىغان]. . .»③ دېگەن ئايەتنى كىشىنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. ئاتەش كەبى گۈللىرى خەلىلنىڭ گۈلىستانىغا تەنە قىلىدۇ. بېيىت:

*بەتۇرفە باغ قەدەش قامەتى، تەۋبل كەشىد،*
*زى رۇيى گۈل بەچەمەن ئاتەشى خەلىل كەشىد.*

[ تەرجىمىسى:

*گۈزەللىكلەرگە سوزۇلغان گۈزەل باغىنىڭ بويلىرى،*
*خەلىل ئوتىدەك قىزىل چىمەن رەڭگى رويلىرى.]*

① «قۇرئان كەرىم»، 15 ـ سۈرە ھىجر، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «قۇرئان كەرىم»، 6 ـ سۈرە ئەنئام، 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ «قۇرئان كەرىم»، 66 ـ سۈرە تەھرىم، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

[باغ سەۋسەنلىرى مىڭلىغان تىللىرى بىلەن ئاينىپ كەتكەن تاغ گۈللىرىگە «بەگۈاش» دەپ تەنە قىلىپ، تاغ گۈللىرىنىڭ قار باسقان باشلىرىغا قاراپ، ئۇنى «سۆرۈن چىراي» دەپ مازاق قىلىپ، «سېنىڭ ئۇنگەن ماكانىڭدا قايسى گۈل ئېچىلىشنى خالىسۇن» دەۋاتقان، تاغ سەۋسەنلىرى بولسا بۇ تەنە ئۇچۇن تىل شەمشەرلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، مۇنداق دەۋاتقاندەك ئىدى، بېيىت:

*دەرىن چەمەن چەزەنى تەئنەئەم بەخود رويى،*
*چۇنانكى پەرۋەرىشەم مىدەھەنەد مىرەۋەم.*

تەرجىمىسى:

*دېسە تەنە قىلىپ: «بۇندا نە دەپ ئۆستۈڭ؟» ، ئاڭا دەرمەن:*
*ئىگەم ئۇندۇردى، ئۆستۈردى ماڭا پەرۋىش قىلىپ شۇنچە.]*

رەھمەت يامغۇرلىرىدىن سۇ ئىچكەن گۈللەر ئېگىز يەرلەردە ھېچ سايە ـ سەۋەبسىزلا باش كۆتۈرۈپ ئۆسۈشكەن، دانالارنىڭ نەزەرلىرىدە ئېچىلغان باغ گۈللىرى باغۋەنىنىڭ پەرۋىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئەمما بۇ گۈللەر بىلەن باغۋەن ئوتتۇرىسىدا نىمە مۇناسىۋەت بولسۇن؟ مىسراڭ:

*ئۇنگەن گۈلغە كۆچۈرگەنى ئوخشاماغاي.*

ئەگەر قىزىلگۈل ئۆزىنىڭ پاكىزىلىك ئېتەكلىرىنى ياتلارنىڭ خىيالىدىن پاك تۇتالمىسا، ئۇنىڭ نىمە ئېتىبارى بولسۇن، بېيىت:

*بىر گۈل ئۇچۇن يۈز جەفالار خاردىن چەكمەك كېرەك،*
*دىلغە سانچىلسە تىكەن، ناچار ئانى چەكمەك كېرەك.*

ئۆتكۈر كۆزلۈك زاتلارنىڭ نەزىرىگە گوياكى دەردىسىزلەرنىڭ كۆزلىرىدەك ياشتىن خالى، قۇرۇق قەدەھتەك كۆرۈنىدىغان مەنمەنچى نەرگىس گۈلىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ بولمايدۇ. بىنەپشىمۇ بۇ خىجالەت سەۋەبىدىن بېشىنى ئۇستۈن كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە باغ گۈللىرى خالايىقنىڭ جىگىرى بىلەن پەرۋىش قىلىنىدۇ ۋە پاكلىق پەردىلىرىنى يىرتىپ، ئىپپەت غۇنچىلىرىدىن بېشىنى چىقارغىنىدا ھەر نائەھلىنىڭ ئىلكىدىن ھەر نامەھرەمنىڭ قوللىرىغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بىچارە ۋە بىناۋالىقى تۆپەيلىدىن يىۋاپالىق بەرگىلىرىنى خالايىقنىڭ قول ۋە پۇتلىرىغا تۆكىدۇ. رۇبائىي:

*بىر لالە رۇخى يوقكى، ئىبرۇر مىھر ئەفزا،*
*بىمىھرلىكى ئەيان ئىبرۇر مىھر ئاسا.*
*گۈللار كۆپ ئىبرۇر زەمانە باغىدا ۋەلې،*
*بىر گۈل يوقكىم، بەرگەي ئوشۇل بۇيى ۋەفا.*

تاغلىرىنىڭ ياپيېشىل قەلئەلىرى پەلەك گۈمبىزىگە تاقىشىپتۇ. تاغلارنىڭ سەينالىرى گىنتايىن پاكىز ۋە چىرايلىق بولغانلىقتىن پاك ئايانلىرىنى باغلارنىڭ يېقىملىق گېتەكلىرىدىن تارتىپتۇ. تاغلاردىن قۇيۇلۇۋاتقان سۇلىرىنىڭ يېقىملىق سادالىرى ئالەمگە غۇلغۇلا سېلىپتۇ، [رۇبائىي:

*ئابەش چۇ گۇلاب ھەر تەرەف گەشتە رەۋان،*
*خاكەش زى زەمىن جەننەت ئاۋەردە نىشان.*
*گۇلنارى ۋەيەست نارى مۇسايى كەلىم،*
*بادەش بەمىسالى نەفھەئى رۇھى رەۋان.*

تەرجىمىسى:

*سۇلىرى گۇل سۈيىدەك ھەر تەرەپ ئاقار راۋان،*
*تۇپراقلىرى بېرىدۇ جەننەت يېرىدىن نىشان.*
*ئانارگۇلى بۇ يەرنىڭ گويا مۇسا چوغىدەك،*
*خۇشبۇي مەيىن شامىلى گويا تەندە شېرىن جان.]*

دېمەك، [يايلاق، باغ، سەھرالىرى ۋە تاغلىرىنىڭ گۈزەللىكى، ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى، تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ھاۋاسىنىڭ مۆتىدىللىكى قاتارلىق] سۈپەتلەردە كەشمىرگە ئوخشايدىغان جاينى كىشى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولغىيدى. نەزم:

*ئىستەپ بەرابەرىڭنى، ئالەم يۈزىن قىلىپ تەي،*
*مىسلىڭنى كىمسە كۆرمەي يا كىمسەدىن ئىشىتمەي.*

شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئالىي ئىمارەتلەر كۆپ، ئۇنىڭغا يېڭى قارىغاي ياغاچلىرىنى ئىشلىتىپتۇ. كۆپىنچە ئىمارەتلىرى كۆپ قەۋەتلىك بولۇپ، ھەربىر قەۋىتى نەچچە ئۆي، نەچچە ھۇجرا ۋە ئايۋاندۇر، [يەنە مۇنار، ھويلا ۋە يېڭىچە كۆركەم ئۆيلەر بار، بۇلارنى بايان قىلىشقا قانچە تىرىشساممۇ، بۇنىڭغا ئىمكانىيىتىم يەتمەيدۇ.] ئىمارەتلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە زىننەتلىنىشى شۇ دەرىجىدەدۇركى، بۇنىڭغا نەزىرى چۈشكەن كىشى ھەيرانلىق بارماقلىرىنى تەئەججۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلەپ، [ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ قالىدۇ. ئەمما، ئىچى ئۇ دەرىجىدە ئەمەس،]

بازار رەستىلىرى ۋە قەلئە كوچىلىرىغا پۇتۇنلەي سىلىقلانغان تاشلار ياتقۇزۇلغان. [كەشمىرنىڭ بازارلىرى باشقا شەھەر ۋە قەلئەلەرنىڭ بازارلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بازار رەستىلىرىدە ھەر تۈرلۈك دۇكانلار، توقۇلما تاۋارلار ۋە ئۇششاق - چۈششەك تاۋار دۇكانلىرىدىن باشقا دۇكانلار يوق. ھەربىر كاسىپ ياكى ھۈنەرۋەن ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىشلەيدۇ. بۇ يەرنىڭ رەسىم - قائىدىسىدە باققاللار، ئەتتارلار، ئىچىملىك ساتقۇچىلار ۋە باشقا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغانلارنىڭ دۇكانلىرى يوق.]

شەھەردىكى خەلقنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە بۇ يەردىكى شەھەرلەرمۇ چوڭ شەھەرلەرگە تەڭلىشەلەيدۇ.

مېۋە تۈرلىرىدىن نەشپۈت، شاتۇت، گىلاس، ئامۇت قاتارلىقلاردىن باشقا مېۋە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى بار. بولۇپمۇ ئالما ناھايىتى ئوخشايدۇ. باشقا مېۋە - چېۋىلەرمۇ شۇ قەدەر كۆپكى، بارلىق ئېھتىياجنى قاندۇرالايدۇ.

ئاجايىپ ئەھۋاللاردىن بىرى شۇكى، كەشمىردە ئۈجمە كۆپ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى يىپەك ئېلىشقا ئىشلىتىدۇ، لېكىن مېۋىسىنى يەيدىغان ئادەت يوق. [بەلكى ئۇنى يېيىش ئەيىب سانىلىدۇ. باشقا مېۋىلەر شۇ قەدەر كۆپكى، پىشقان ۋاقتىدا ئۇنى ئېلىش - سېتىش ئادەتتە كەم ئۇچرايدۇ.] بۇ يەردە بېغى بار ئادەم بىلەن بېغى يوق ئادەم مېۋىدىن ئوخشاش پايدىلىنىدۇ. چۈنكى، [باغلار تام بىلەن قورشالمىغان،] ھەر كىشى كىرىپ، مېۋىسىنى يېسە توسىدىغان ئادەت يوق.

## كەشمىرنىڭ كاتتا ئاجايىباتلىرىنىڭ بايانى

[كەشمىرنىڭ] چوڭ ئاجايىباتلىرىدىن بىرى بۇتخانا بولۇپ، كەشمىرنىڭ بارلىق ناھىيىلىرىدە قىياسەن يۈز ئەللىك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق بۇتخانا بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ سىلىقلانغان تاش بىلەن ياسالغان. [تاشلارنى گەجسىز، يىلىمسىز ۋە ھاك لېيىمۇ ئىشلەتمەستىن، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە ۋە يېنىغا شۇ قەدەر تۈز ۋە] ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ قويۇپتۇكى، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىكى دەزدىن بىر قات قەغەزنىمۇ ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. ھەربىر تاش[نىڭ ئۇزۇنلۇقى] ئۈچ گەزدىن تاكى يىگىرمە گەزگىچە، قېلىنلىقى بىر گەز، كەڭلىكى بىر گەزدىن بەش گەزگىچە يېتىدۇ. ئۇ تاشلارنى قانداق ئېلىپ كېلىپ، بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە قانداق چىقارغانلىقىغا ئەقىل يەتمەيدۇ. ئۇ بۇتخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر خىل لايىھىلەنگەن بولۇپ، تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان. ئۇنىڭ بەزى ئېگىز يەرلىرى ئوتتۇز گەزگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ [يۈز] گەزگە يېتىدۇ. ئىچىگە تۈۋرۈكلەر قويۇلغان. ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە تىك تۆت تەرەپلىك مۇقەرنەس[1] باشلار قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھالچەلەر قويۇلغان. بۇ تۈۋرۈك، مۇقەرنەس، ناھالچەلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈن بىر پارچە ئۇيۇل تاشتىن چىقىرىلغان. گۈمبەزلەرنىڭ ئايلانما گىرۋىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان. گۈمبەزلەرنىڭ كەڭلىكى ئۈچ ياكى تۆت گەز كېلىدۇ. [ئېگىزلىكى] قىرىق گەز ياكى ئەللىك گەز چىقىدۇ. ھەر تۆت دانە تاش تۈۋرۈك ئۈستىدىكى مۇقەرنەس ۋە ناھالچەلەرنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن بىر پارچە ياكى ئىككى پارچە تاش باستۇرۇلۇپ، ئۈستى يېپىلغان. يەنە ئالدىغا گۈمبەز ۋە دەرۋازىلارنى چىقىرىپ، گۈمبەزلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئېگىزلىكى قىرىق - ئەللىك گەز كېلىدىغان تۈۋرۈكلەرنى قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مۇقەرنەس ۋە ناھالچەلەرمۇ ھەربىرى پۈتۈن بىر پارچە ئۇيۇل تاشتىن ياسىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىرى بىر ياكى ئىككى پارچە ئۇيۇل تاشتىن چىقىرىلغان تۆت تۈۋرۈك قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالدى گۈمبەزنىڭ ئىچكىرىسى ۋە تاشقىرىسى ئىككى ئايۋان شەكلىدە بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىنى بىر پارچە ياكى ئىككى پارچە پۈتۈن چوڭ

---

① مۇقەرنەس — بىنانىڭ قاتمۇقات گويا ۋە قاپارتما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن گۈمبەزنىڭ قىسمى.

تاش ھەش بىلەن يېپىپتۇ. ھەربىر ئايۋاننىڭ ئېگىزلىكى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى يەتتە [- سەككىز] گەز كېلىدۇ. بۇ ئايۋانلارنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي نەقىش - رەسىملەر ۋە رەڭگارەڭ تەسۋىرلەر سىزىلىپتۇ. ئۇنى سۈپەتلەپ، يېزىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. بەزى رەسىملەر كۈلۈپ تۇرغان ھالەتتە، بەزى رەسىملەر يىغلاپ تۇرغان تەرىزدە. ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ. ئوتتۇرىدا تاشتىن ياسالغان بىر چوڭ ۋە ئېگىز ئورۇندۇق ئورنىتىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە تاشتىن گۈمبەز ئورنىتىپتۇ، ئۇنى شەرھىلەشكە تىل ئاجىز [تەسۋىر چولتا] كېلىدۇ. بۇنداق ئىمارەتتىن يەنە بىرەرسىنىڭ بارلىقىنى ئالەم يۈزىدە ھېچكىم كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئەمەس. [بۇنداق ئىمارەتتىن يۈز ئەللىكچە جايدا بار.]

ئاجايىباتلاردىن يەنە بىرى شۇكى، كەشمىرنىڭ شەرق تەرىپىدە بەرنەگ ئاتلىق بىر ۋىلايەت بار، ئۇ يەردە بىر ئېگىز تۆپىلىك بار. ئۇ تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە كۆلگە ئوخشايدىغان بىر چوڭقۇر يەر بار. ئۇ يەرنىڭ ئىچىدە بىر تۆشۈك بار. ئۇ تۆشۈك ھەمىشە قۇرۇق ھالەتتە تۇرىدۇ، قاچانكى سەۋر[1] پەسلى يېتىپ كەلسە، ئۇ تۆشۈكتىن سۇ چىقىدۇ. ھەر كۈنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم سۇ چىقىپ، ئۇ كۆل توشىدۇ - دە، بىر ياكى ئىككى تۈگمەنلىك سۇ ئۇ تۆپىلىكتىن ھەر تەرەپكە ئېقىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاستا - ئاستا سۇ پەسىيىپ، شۇ تۆشۈكتىن باشقا يەردە سۇ قالمايدۇ. شۇ پەسىل ئۆتۈپ كەتسىلا، ئۇ تۆشۈك يەنە يىل ئاخىرىغىچە قۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ تۆشۈكنى بىرمۇنچە كولاپ، ئاغزىنى گەج بىلەن چاپلاپ يېپىۋېتىپتىكەن. سۇ چىقىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ئۇنى كۆتۈرۈپ تاشلاپ سۇ چىقىپتۇ، ھېچ بىر چارە - ئامال بىلەن ئۇنى توختىتالماپتۇ.

يەنە [بىر ئاجايىب شۇكى،] كەشمىرنىڭ مۆتىۋەر ۋە ياخشى جايلىرىدىن بىرى ناگام دېگەن يەر بولۇپ، ئۇ يەردە ناھايىتى ئېگىز بىر دەرەخ بار. شۇنچىلىك ئېگىزكى، ئەگەر يا بىلەن ئوق ئاتسا، ئۇ دەرەخنىڭ ئۇچىغا يەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ دەرەخنىڭ بىر تال كىچىك شېخىنى تۇتۇپ، مىدىرلاتسا، ئۇ دەرەخ شۇنچە چوڭ بولسىمۇ، يەنە پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بىراقلا مىدىرلايدۇ.

يەنە كەشمىرنىڭ ئېتىبارلىق ۋىلايەتلىرىدىن بىرى دۇسەر ۋىلايىتىدۇر. ئۇ يەردە بىر بۇلاق بار. ئۇ بۇلاق ئەتراپىدىكى كۆلنىڭ ھەممە تەرىپى يىگىرمە گەزدىن كېلىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق ۋە خۇشقامەت دەرەخلەر، گۈزەل كۆكلەمزارلار بار. [كىشىلەر] بىر كوزىغا گۈرۈچ قاچىلاپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، [ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئېتىنى يېزىپ]، بۇلاققا تاشلايدۇ، كوزا چۆكۈپ كېتىدۇ. [شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ لەيلەپ چىقىشىنى] كۈتىدۇ. گاھىدا بەش يىلدا، گاھىدا بىر كۈندىلا چىقىدۇ، كوزىنىڭ لەيلەپ چىقىدىغان ۋاقتى مۇقىم ئەمەس. قاچانكى كوزىدىكى گۈرۈچ پىشىپ، ئىسسىق ھالەتتە چىقسا، بۇنى ياخشى پالنىڭ بىشارىتى دەپ بىلىدۇ. گاھىدا گۈرۈچنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ چىقىدۇ، بەزىدە گۈرۈچنىڭ ئورنىدا لاي، قۇم چىقىدۇ. دېمەك، كوزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسە قانچە يامانراق بولۇپ چىقسا، پالنىڭ شۇنچە يامانلىقىنىڭ بىشارىتى دەپ قارايدۇ.

يەنە بىرى شۇكى، كەشمىردە ئۇلۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل بار. ئۇنىڭ ئىھاتىسى

① سەۋر — 1) ھۆكۈز؛ 2) كونا ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، بۇ دائىرىگە توپلانغان يۇلتۇزلار ھۆكۈز شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. سەۋر پەسلى 2 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

يەتتە فەرسەلىك ئەتراپىدا بار. كەشمىر سۇلتانلىرىدىن سۇلتان زەينەلئابىددىن ئۇ كۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىمارەت بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ئالدى بىلەن كۆلگە تاش تۆكتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى تۈزلەتكۈزۈپ، ئۈستىگە تاش ياتقۇزۇپ، تۆت چاسا شەكىلدىكى بىر سۇپا ياسىتىپتۇ، بۇ سۇپىنىڭ ھەربىر تەرىپى ئىككى يۈز گەزدىن كېلىدۇ. ئېگىزلىكى ئون گەز كېلىدۇ. سۇپىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي تاش بىلەن ياساپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭدا تاشنى جىپسىلاشتۇرغان دەز ياكى چاكنى مۇتلەق سەزگىلى بولمايدۇ. ئۇ سۇپىنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى كۆركەم ۋە پۇختا بىر ئىمارەت بىنا قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا گۈزەل ۋە ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى دەرەخلەرنى تىكىپتۇ، بۇنداق گۈزەل ۋە پاكىز جاي ئالەمدە كەم ئۇچرايدۇ.

يەنە [بىر ئاجايىبات شۇكى،] مەزكۇر سۇلتان زەينەلئابىددىن شەھەر ئىچىدە بىر ئىمارەت سالدۇرغانىكەن. بۇ ئىمارەتنى كەشمىر تىلىدا راجدان دەپ ئاتايدۇ. بۇ شۇنداق ئىمارەتكى، ھەممىسى ئون ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، بەزى قەۋەتلىرىدە ئەللىك ئۆي، ھۇجرا ۋە ئايۋان بار، شۇنچىۋالا ئېگىز ئايۋان [ئىمارەتنىڭ] ھەممىسى ياغاچتىن پۈتكۈزۈلگەن. ئالەم يۈزىدىكى ئالىي ئىمارەتلەردىن بولغان تەبرىزدە سۇلتان يەئقۇب بىنا قىلغان ھەشت بېھىشت (سەككىز بېھىشت) سارىيى؛ ھىراتتىكى باغى زاغان، باغى سەفىد، باغى شەھر سارايلىرى؛ سەمەرقەندتىكى كۆك ساراي، ئاق ساراي، باغى دىلگۇشاي، [باغى بۇلدى] قاتارلىق ئالەمنىڭ بارلىق ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بۇ راجدان ئىمارىتى [ئېگىز] ۋە ئۆيلىرى كۆپ. ئەمما، راجدان ئىمارىتى [سىياقى]، تەرھى (تۈزۈلۈش، رىجە)، گۈزەللىك جەھەتلەردە ئۇ ئىمارەتلەرگە يېتەلمەيدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى «زەفەرنامە» كىتابىدا كەشمىرنى تەرىپلەپ، بىرنەچچە نەرسىلەر ھەققىدە يازغان ئىكەن، لېكىن بۇلار ئەمەلىيەتتە كەشمىرنىڭ ئەھۋالىغا ئويغۇن كەلمەيدۇ. سەۋەبى شۇكى، ھەزرىتى مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى كەشمىرنى ئۆزى كۆرمىگەن ئىكەن، كۆرگەن كىشىلەردىن سوراپ، شۇلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن ئاڭلاپ يازغان ئىكەن. ئېھتىمال ئۇ نەقىل قىلغۇچىلار خاتا ئېيتىپ بەرگەن بولسا، كېرەك. شۇ تۈپەيلىدىن بەزى تەرىپلەردە ۋە سۈپەتلەشلەردە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەھۋاللار سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. [بۇ نەقىل تۆۋەندىكىچە:

## «زەفەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل

كەشمىر ــ ئالەم خەلقى ئۇلتۇراقلاشقان مەشھۇر جايلاردىن بىرى. بۇ جاي ئاجايىپ يەرگە ئورۇنلاشقانلىقتىن، پەقەت ئۇ يەرگە بېرىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرلا ئۇ يەرگە سەپەرگە چىقىدۇ، باشقىلارنىڭ ئاينىغى ئۇ يەرلەرگە يېتىپ بارمايدۇ. كەشمىرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ۋە شۇ يەرنىڭ تۇراقلىق كىشىلىرىدىن سوراپ، ئېنىقلاپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ توختالغانلىرىمىزدىن كېيىن بايان قىلدۇق. ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت بەرسە، بۇ جاينىڭ ئىقلىملار ئىچىدىكى ئورنى، كۆلىمى ھەققىدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆلىمى بىلەن تۈزۈش ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ يازىمىز.

كەشمىر ــ تۆتىنچى ئىقلىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىن يەرگە ئورۇنلاشقان ۋىلايەت. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئوتتۇز ئۈچ دەرىجە ئەللىك تۆت دەقىقە. كەشمىرنىڭ ئېنى (كەڭلىكى) جەھەتتى

ئۇستەۋادىن[1] ئوتتۇز بەش دەرىجە، ئۇزۇنلۇقى جەزائىرى سەئدى[2] دىن بىر يۈز بەش دەرىجە. بۇ ۋىلايەتنىڭ بارلىق زېمىنى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان. تاغنىڭ جەنۇبى دېھلى بىلەن زېمىن تامانغا، شىمال تەرىپى بەدەخشان ۋە خوراسان تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان. ئۇنىڭ غەرب تەرىپى ئاۋغان تائىپىلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان يۇرتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى تىبەت زېمىنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى قىرىق فەرسەخكە يېقىنلىشىدۇ؛ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان كەڭلىكى يىگىرمە فەرسەخ كېلىدۇ؛ يان تەرىپى تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، تەكشى تۈزلەڭلىكلىرى ئاۋاتلاشتۇرۇلغان يېزا، كەنت، مەھەللىلەردىن ئىبارەت. ئۇ يۇرت ـ مەھەللىلەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بۇلاقلار، گۈزەل كۆكلەمزارلار، چىمەنزارلار، پاك ۋە سۈزۈك ئېقىنلار شۇ قەدەر كۆپ؛ بارلىق تاغلىق يۇرتلاردا ۋە تۈزلەڭلىكلەردە يۈزمىڭ كىشىلىك يۇرت ـ مەھەللىلەر بار، ئۇ يەردە ئۆيلەر سېلىنغان، تېرىقچىلىق يەرلىرى بار، دېيىشىدۇ. ئۇ جاينىڭ ئاب ـ ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى، ئۇ يەرنىڭ خۇشقامەت گۈزەللىرى ۋە يېقىملىق نازىنىنلىرىغا ئوخشىتىلىپ، سۆزمەنلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا ماقال بولۇپ تارقالغان. بۇ ھەققە مۇنداق تەمسىل بار، رۇبائىي:

*شاھى ھەمە دىلبەرانى كەشمىر تۇئى،*
*خۇررەمى دىل ئان سىپاھى كەشمىر تۇئى.*
*ئان ھۇركى رۇھرا سەرىكەش گويەند،*
*كەندەر كەفى پايى نازۇكەش مىر تۇئى.*

تەرجىمىسى:

*كەشمىر گۈزەللىرىنىڭ شاھى سەن ئۆزۈڭ،*
*شادلىق قوشۇنىنىڭ سىپاھى سەن ئۆزۈڭ.*
*روھنى ياشناتقۇچى ھۆرلەرنى ئايىغىڭغا*
*باش ئەگدۈرگۈچى ھەم پاناھى سەن ئۆزۈڭ.*

ئۇ يەرنىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىدا تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسىدۇ، ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى ناھايىتى ياخشى ۋە پايدىلىق. ئەمما، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇققا مايىل بولغاچقا، قار ناھايىتى كۆپ ياغىدۇ، شۇڭا ئىسسىق تەرەپلەردە ئۆسىدىغان مېۋىلەردىن خورما، نارەنج (ئاپېلسىن)، لىمون ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مېۋىلەر ئۇ يەردە پىشمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنى يېقىن ئەتراپلاردىكى ئىسسىق جايلاردىن ئېلىپ كېلىشىدۇ. ئاشۇ تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تاغدىن ھېسابلىغاندا شەرق تەرىپىمۇ، غەرب تەرىپىمۇ بىر پەرسەختىن كېلىدىغان جايدا سىرىناگار ناملىق شەھەر بار. بۇ دىيارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شۇ شەھەردە تۇرىدۇ. خۇددى باغدادتىكىگە ئوخشاش، بۇ شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر چوڭ دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى

① خەتتى ئۇستىۋا — خەرىتىدىكى ئېكۋاتور سىزىقىنى كۆرسىتىدۇ.

② جەزائىرى سەئدى — يەر نامى. قەدىمكى ئەرەب جۇغراپىيونلىرى دەسلەپكى مېرىدىئان مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ دەپ قارىغان.

www.uyghurkitap.com

باغدادتىكى دىجلە دەرياسىنىڭ سۈيىدىن كۆپ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شۇنچە كۆپ ئېقىن سۇنىڭ ھەممىسى بىرلا بۇلاقتىن باشلىنىدۇ، باشلىنىدىغان مەنبەسىمۇ شۇ ۋىلايەتتە بولۇپ ئۇنى «چەشمەئى ۋىر» (ۋىر بۇلىقى) دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەردىكى ئاھالە كېمىلەرنى زەنجىر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ ئۇتتۇزغا يېقىن كۆۋرۈك ياساپ، دەرياغا ئازادە يول سالغان، بۇ كۆۋرۈكلەردىن يەتتىسى بۇ دىيارنىڭ مەركىزى ۋە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان سىرىناگاردا.

بۇ دەريا ئېقىپ كەشمىر چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان يۇرتلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ، ئۇنى بىر يەردە دەندانە دەرياسى، يەنە بىر يەردە جۇملە دەرياسى دەپ ئىككى خىل ئاتايدۇ. بۇ دەريا مۇلتاننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، چىناب دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئاندىن ئىككىسى قوشۇلۇپ مۇلتاندىن ئېقىپ ئۆتۈپ، راۋا دەرياسىغا بېرىپ قۇيۇلىدۇ. راۋا دەرياسى مۇلتاننىڭ باشقا تەرىپىدىن ئېقىپ كېلىدۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى دەريا قوشۇلۇپ، ئېقىپ بېرىپ سىياھ دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ، ئۈچ شەھىرىنىڭ يېنىدا سىند دەرياسىغا كېلىپ قوشۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دەريالار سىند دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە تەتتە دېگەن جايدا بۇ دەريا ئۇممان دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ.

ئاللاھنىڭ: «يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق»[1] دېگەن نازۇك ھېكمىتىگە مۇۋاپىق بۇ ئاۋات ماكاننىڭ ئەتراپىنى ئادەم ئۆتەلمەيدىغان تاغلار قورشاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ گۈزەل دىيارنىڭ تۇراقلىق ئاھالىسى دەخلى - تەرۇزدىن خالىي، تىنچ ۋە ئەندىشىسىز ياشايدۇ، زامان زورلۇقلىرىنىڭ بوران ۋە يامغۇرلىرىدىن غەم قىلىشمايدۇ.

ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئۈچ چوڭ يولى بار. بۇنىڭ بىرى خۇراسان تەرەپتىن ئۇ يەرگە بارىدىغان يول بولۇپ، بۇ يول ناھايىتى مۈشكۈل. شۇڭا يۈك توشۇيدىغانغا قولايسىز. كىشىلەر بۇ يولدا يۈكنى ئۇلاغلارغا ئارتمايدۇ. ئۇ يەرنىڭ يەرلىك كىشىلىرى بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلار يۈكلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، بىرنەچچە كۈن پىيادە يۈرۈپ، چارۋىلارغا يۈك ئارتىشقا بولىدىغان يەرگىچە يەتكۈزىدۇ. ئۇ يەرگە ھىندىستان تەرەپتىن بارىدىغان يولمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. تىبەت تەرەپتىن بارىدىغان يول ئاسانراق، لېكىن بىر نەچچە كۈنلۈك يولدا تەبىئىتى زەھەرلىك ئوت - چۆپلەر كۆپ. شۇڭا، ئاتلىق يۈرگۈچىلەرگە بۇ يولمۇ قىيىن، چۈنكى زەھەرلىك چۆپلەرنى يەپ قالغان چارۋىلار ھالاك بولىدۇ.]

## كەشمىرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە كەشمىردە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، كەشمىر يېقىنقى زاماندا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەممىسى ھىندىلارنىڭ بىراھمى دىنىدا ئىكەن.

① «قۇرئان كەرىم»، 50 - سۈرە قاف، 7 - ئايەت.

سۇلتان شەمسىددىن دېگەن بىر دەرۋىش سوپەت كىشى ئۇ يەرگە كەلگەن. ئۇ ۋاقىتلاردا كەشمىردە بىر ئايال ھۆكۈمدار پادىشاھ بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىكەن. [سۇلتان شەمسىددىن بۇ مەلىكە (ئايال پادىشاھ) گە خىزمەت قىلىشقا باشلاپتۇ.] بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكىدە سۇلتان شەمسىددىننىڭ نىكاھىغا ئۆتۈش رىغبىتى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقدى نىكاھىغا كىرىپتۇ. بۇ ئىش بولغاندىن كېيىن سۇلتان شەمسىددىن پۈتكۈل كەشمىرنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەلائىددىن ئۇنىڭ ئورنىدا سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن [ئەلائىددىننىڭ ئوغلى] سۇلتان قۇتبىددىن ھۆكۈمدارلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاشۇ سۇلتان قۇتبىددىننىڭ زامانىدا ھەزرىتى ئەمىرى كەبىر ئەلىيۇسسانى (ئىككىنچى ئەلى) سەييىد ئەلى ھەمەدانى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — كەشمىرگە كەلگەن ئىكەن. [شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان قۇتبىددىن] قىرىق كۈندىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرمەي ۋاپات بولغان. سۇلتان قۇتبىددىندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەر ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۇتخانىلارنى ۋەيران قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى سۇلتان زەينەلئابىددىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ، ئەللىك يىل سەلتەنەت تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. كەشمىرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتۇ، [بارلىق تائىپىلەرنى كاپىر ياكى مۇسۇلمان دەپ ئايرىماستىن، ھەممىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپتۇ]. ئۇنىڭ زامانىدا كەشمىر شەھىرى بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاسارەتىقىلىرى بار. كۆپ خىل ھۈنەرۋەنلەر، مەسىلەن، كۆپىنچە شەھەرلەردە كەم تېپىلىدىغان ھەككاك[1]، تاشچى، شىشىگەر[2]، تابدانچى[3]، زەرگەر ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەر كەشمىردە كۆپ، ئۇلارنىڭ بازارلىرىمۇ كاسات. پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھىردە بۇخارا ۋە سەمەرقەندتىن باشقا ھېچ يەردە بۇنداق ھۈنەرۋەنلەر يوق. [كەشمىردە بۇنداق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۈرلىرى تولۇق، سانى كۆپ.] بۇلار ھەممىسى سۇلتان زەينەلئابىددىننىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سەۋەبكارلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

سۇلتان زەينەلئابىددىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەشمىرنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرى ئاجىزلىشىش، چېكىنىشكە يۈزلىنىپتۇ. ئەمىرلىرىنىڭ كۈچى زورىيىپ، كەشمىر سۇلتانلىرىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىدا پەقەت نامىلا ساقلىنىپ قېلىپتۇ. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، ئەمىرلەر كۆرۈنۈشتىكى ھۆرمەتنىمۇ تاشلاپتۇ. ئۇ سۇلتانلار جانلىرىنى سالامەت ساقلىغانلىقىنى، ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلمىغانلىقلىرىنى غەنىيمەت بىلىشىپ، ئەمىرلىرىنىڭ سەركەشلىكلىرىگە سەۋر - تاقەت قىلىشىپتۇ. ھازىرقى كۈنلەردە سۇلتان نادىر پېقىر مىرزا ھەيدەرنىڭ سۆھبىتىدە بولىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا پېقىر كەشمىرنىڭ ئەمىرلىرى قىلغان ھۆرمەتتىن ئارتۇقراق ئىززەت - ئىھتىرام قىلدىم. بۇ سۇلتانلار سۇلتان زەينەلئابىددىندىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە نەچچىلىگەن كىشى سۇلتانلىق نامىنى كۆتۈرۈپتۇ، لېكىن تولۇق مۇستەقىل ھالدا سەلتەنەت سۈرەلمەپتۇ.

① ھەككاك — قىممەت باھالىق تاش ياكى مەدەنلەرنى قىرىپ، سىلىقلاپ، ئۇلارغا خەت ۋە گۈل قاتارلىقلارنى ئويغۇچى ۋە پەردازلىغۇچى.

② شىشىگەر — شىشە، ئەينەك ياكى چاقچۇق بۇيۇملارنى ياسىغۇچى.

③ تابدانچى — مەش، ئوچاق، تۈرخۇن، مورا ياسىغۇچى.

www.uyghurkitap.com

## كەشمىر كىشىلىرىنىڭ مەزھىپىنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى كەشمىرلىكلەرنىڭ ھەممىسى [ئىسلام دىنىنىڭ] ھەنەفى مەزھىپىدە ئىكەن. نادىر سۇلتاننىڭ ئاتىسى زەفەر فەتھشاھنىڭ زامانىدا ئىراق زېمىنىنىڭ تالىش دېگەن يېرىدىن شەمس ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ، ئۆزىنى نۇر بەخشى دەپ ئاتاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇزۇق مەزھىپىنى ئاشكارا تارقىتىپ، ئۇنى «نۇر بەخشى مەزھىپى» دەپ ئاتاپتۇ. كاپىرلىق ۋە خۇداسىزلىقنى تەرغىپ قىلىپتۇ. «فىقھى ئەھۋەت» ناملىق كىتابنى ئاشكارا تارقىتىپتۇ. بۇ مەزھەپ ئەھلى سۈننەت جامائىتىگىمۇ، شىئە مەزھىپىگىمۇ ۋە ياكى رافىزى مەزھىپىگىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇلار ھەزرىتى ئائىشە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — گە ۋە كەرەملىك ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلىشنى — خۇدا ساقلىسۇنكى، بۇ رافىزىيلارنىڭ شۇئارىدۇر — ئۆزلىرىگە لازىم دەپ بىلىدۇ. ئەمما، شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىگە قارىمۇ قارشى ھالەتتە ئېتىقاد قىلىدۇ. شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ ھالدا، ئەمىر سەييىد مۇھەممەد نۇر بەخشىنى «زامانىنىڭ ئىگىسى»، «مەھدى» ۋە «مەۋئۇد»[①] دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ كاتتا ئەۋلىيالىرىغىمۇ شىئەلەرگە قارىمۇ قارشى ھالەتتە ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئەقىدىلىرىنى توغرا دەپ بىلىدۇ. خۇدا ساقلىسۇنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇپۇرلۇق ۋە خۇداسىزلىق ئەقىدىلىرىگە ياتىدىغان بۇ مەزھىپىگە «نۇر بەخشى» دەپ ئات قويۇپتۇ. پېقىر نۇربەخشى شەيخلىرىدىن بىرنەچچىسىنى بەدەخشاندا ئۇچراتقان. ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممە ئەمەل ۋە ئېتىقادلىرى ئەھلى سۈننەت جامائىتىگە مۇۋاپىق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ سۈننەتلىرىگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ھەزرىتى ئەمىر سەييىد مۇھەممەد نۇربەخشىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرى ماڭا بىر رىسالىنى كۆرسەتكەنىدى. بۇ سەييىد مۇھەممەد نۇر بەخشىنىڭ يازغان كىتابى ئىكەن. بۇ رىسالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پادىشاھلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ بىلىمسىزلىرى، سەلتەنەت سۈرى پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بۇ ناتوغرا گۇماندۇر. چۈنكى، ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلىكلىرى بىلەن بىللە يەنە پادىشاھلىقنىمۇ قىلغان ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىغىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ھەزرىتى يۈسۈف، ھەزرىتى مۇسا، ھەزرىتى داۋۇد ۋە سۇلەيمان — ئاللاھ ئۇلارغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ھەم ھەزرىتى رىسالەت پاناھ مۇھەممەد — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — شۇنداقلا ئەۋلىيالارنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق، ھەزرىتى ئۆمەر فارۇق، ھەزرىتى ئوسمان [زىننۇرەين]، ھەزرىتى ئەلى [مۇرتەزا] — يۇكسەك تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جەننەت ئاتا قىلغاي — قاتارلىقلار».

دېمەك، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شەمس دېگەننىڭ مەزھىپى نۇربەخشى مەزھىپىگىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن. شۇنداقلا يەنە ئەھلى سۈننەت جامائىتىنىڭ يولىغىمۇ مۇخالىپتۇر. پېقىر ئۇ «فىقھى ئەھۋەت» دېگەن كىتابنى ھىندىستان ئۆلىمالىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنىدىم، ھىندىستان ئالىملىرى ئۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا پەتۋا يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇ پەتۋا تۆۋەندىكىچە:

---

① مەۋئۇد — ۋەدە ئالغۇچى، سۆز ئالغۇچى، كېپىل بولغۇچى.

## بىسمىللاھىر-رەھمانىر-رەھىم

### ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمىز.

ئەي ئاللاھ، ھەقىقەتنى ھەقىقەت بويىچە، يالغاننى يالغان بويىچە ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پېتىچە ئەينەن كۆرسەتكەيسەن.

بۇ كىتابنى مۇتالىئە قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى باتىل (يالغان) دىندا ئىكەن. بۇ كىتاب ھەممىگە ئايان بولغان سۈننەتكە ۋە ئۇممەتلەرنىڭ ئورتاق يولىغا مۇخالىپلىق قىلىشقا بېرىپ يېتىپتۇ، بۇ ھەقىقەت ئەھلىنىڭ مەزھەبلىرىدىن بىرەرسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان كىتاب ئەمەسكەن. بۇ كىتابتا: «ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ماڭا شۇنداق پەرمان قىلدىكى، بىرىنچىدىن، مۇھەممەد ئۇممەتلىرىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان دىنىي تارماقلاردىكى ئىختىلاپلارنى تۈگەتكەيمەن، شەرىئەت ھەزرىتى مۇھەممەد — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ زامانلىرىدا قانداق بولغان بولسا، شۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە قىلماي، شۇ تەقلىتتە بايان قىلغايمەن. ئىككىنچىدىن، ئۇممەتلەر ئارىسىدىن ۋە ئالىملار ئارىسىدىن دىن ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئىختىلاپلارنى كۆتۈرۈۋەتكەيمەن» دەپ، بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى بۇ خىل دەۋا بىلەن ھەقىقەتەن يالغانچىلىق ۋە دىنسىزلىق گۇناھىغا مايىل بولۇپتۇ. بۇنداق كىتابنى مەنئى قىلىش ۋە ئالەم يۈزىدىن يوقىتىش قۇدرىتى يېتىدىغان خەلققە ۋاجىپتۇر، بۇ كىتابنى يوق قىلىشى ۋە ئالەمدە پەيدا بولمايدىغان قىلىشلىرى لازىمدۇر. بۇنداق مەزھەپنى مەنئى قىلىش ۋە يوقىتىش زۆرۈرىيەت جۈملىسىدىندۇر. بۇ كىتابقا ئەمەل قىلىدىغان ۋە بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىدىغان خاتالىقنى تۈگىتىش پەرزدۇر. ئەگەر بۇ كىتابقا ئەمەل قىلىشتىن ۋە بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىشتىن توختىمىسا، قەتلى قىلىش سىياسىتى بىلەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈگىتىش، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى خالاس قىلىش ۋاجىپتۇر. دىنىنىڭ نۇسرەت تېپىشى، كۈچىيىشى، توغرا يولنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئەگەر تەۋبە قىلىپ، بۇ باتىل مەزھەپتىن يانسا، ئۇلار ھەزرىتى ئەبۇ ھەنىفە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ مەزھەپلىرىگە ئەمەل قىلىپ، مۇشۇ مەزھەپكە كىرىشكە بۇيرۇلسۇن.

ھازىر كەشمىردە سوفىي بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىنسىزلىققا مايىل بولماقتا. ئۇلارنىڭ ھالال بىلەن ھارامدىن ھېچ خەۋىرى يوق، پەقەت كەم ئۇخلاش، كەم غىزالىنىشنىلا تەقۋادارلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ھەرقانداق نەرسە تاپسا ھېچ پەرۋا قىلماستىن، ھېيىقماستىنلا ئېلىۋېرىدۇ. ھالال قايسى، ھارام قايسى؟ بۇنى پەرق ئەتمەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھەممىسى ئاچكۆزلۈك بىلەن ۋەقبە - ئەۋقاپ مۈلۈكلىرىنى شەرىئەتكە مۇناسىۋەتسىز ھالدا سەرپ قىلىشقا قول سوزۇپ تىرمىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دائىم چۈش كۆرۈش، تەبىر ئېيتىش، «بۇ يىل، ئانداق ۋەقە بولىدۇ»، «مۇنداق ھادىسە كۆرۈلىدۇ» دەپ كارامەت ئىزھار قىلىش، كېلىدىغان زاماندا بولغۇسى غايىب ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىش قاتارلىقلاردىن ئۆزگە ئىشلىرى يوق. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە سەجدە قىلىشىدۇ. بۇنچىۋالا رەسۋالىق بىلەن يەنە چىللىگە كىرىپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشىدۇ. ئىلىمنى ۋە ئىلىم ئەھلىنى ناھايىتى [يامان] كۆرۈشىدۇ، [ئۇلارغا يامان كۆز بىلەن قارايدۇ.] شەرىئەتنى تەرىقەتتىن ئايرىۋېتىدۇ. شۇنداقلا «تەرىقەت ئەھلىنىڭ شەرىئەت بىلەن ئەسلا ئىشى يوق» دەيدۇ. بۇنداق مۇلھىد (دىنسىز) مەزھەبنى كىشى ھېچ يەردە كۆرمىگەن

بولغىيدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى تۇپەيلىدىن پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئائالا ئىسلام ئەھلىنى بۇنداق ئاپەتلەردىن ۋە بالا ـ قازادىن ئۆزىنىڭ ئىسمەت پاناھىنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئامان ساقلىغاي، ھەممە مۆمىنلەرنى شەرىئەتنىڭ توغرا يولىدا ماڭغىلى نېسىپ قىلغاي.

* *

تەڭرىگە تەشەككۇرلەر بولسۇنكى، ھازىر كەشمىردە بۇ باتىل مەزھەبنى ھېچ كىشى ئاشكارا قىلالمايدۇ. ھەممۆيلەن ئۇنى مۇتلەق ئىنكار قىلىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ئەھلى سۈننەت جامائىتىگە تەۋە ھالەتتە كۆرسىتىشىدۇ. پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ شىددىتىم ۋە سىياسىتىم ئۇلارغا ئايان ۋە ئاشكاردۇركى، ھەر كىشىدە ئەگەر ئۇ مەزھەپنىڭ ئىزناسى زەررىچە ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قەتلى قىلىشتىن باشقا مۇئامىلىنى قىلمايمەن. خۇدايى تائالانىڭ تەۋپىق ـ ھىدايەت ئاتا قىلىشى ۋە پېقىرنىڭ تىرىشچانلىقىم بىلەن بۇ بەختسىزلىك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلسە دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇلار ھەممىسى ھازىر كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى ئەھلى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكىنىدەك، تەڭرىم ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىمۇ ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇق قىلغاي. ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئامىن.

قۇياشقا تېۋىنىدىغان بىر تائىپە كۇپپارلار بار ئىكەن. ئۇلارنى «شەماسىن» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ مەزھىپى مۇنداق ئىكەن: ئۇلار «قۇياشنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ نۇرانەلىكى بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ساپلىقى تۇپەيلىدىندۇر. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز بولسا قۇياشنىڭ نۇرانەلىكى تۇپەيلىدىندۇر. ئەگەر ئەقىدىمىزدىن ساپلىق كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، قۇياشنىڭ نۇرانەلىكى قالمايدۇ. ئەگەر قۇياشنىڭ نۇرانەلىكى قالمىسا، بىزنىڭمۇ نۇرانە ۋۇجۇدىمىز قالمايدۇ. ئۇ بىز بىلەن مەۋجۇد، بىز ئۇنىڭ بىلەن مەۋجۇتتۇرمىز. بىزسىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يوق، ئۇنىڭسىز بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز يوقتۇر. قۇياش ئاشكارا تۇرغان ۋاقىتتا بىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىمىز ئۇنىڭغا روشەن ۋە ئاياندۇر. شۇڭا، بۇنداق چاغدا تەقۋادارلىق ۋە ياخشىلىقتىن باشقا ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. كېچە بولغان ۋاقىتتا قۇياش بىزنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ھېچقانداق ئەھۋالىمىزنى بىلەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كېچىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئەمەس. شۇڭا، كېچىسى ھەرقانداق ئىش قىلسا ھېچ گۇناھ ياكى ۋابال بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ تائىپىنىڭ ئېتىنى «شەماسىن» (كۈنگە تېۋىنغۇچىلار) دەپ ئاتايدۇ.

بۇ مۇقەددىمىنى بايان قىلىشتا بىر لەتىپە بار: ھەزرىتى پەيغەمبەر ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ «لەقەملەر ئاسماندىن چۈشىدۇ» دېگەن ئىكەن. ئەمىر شەمس كەشمىردە پەيدا بولۇپ، خەلقنى يولدىن ئازدۇرغان ۋاقىتىدا ئۇنىڭ «شەمسەددىن» دېگەن لەقىمى بولغان. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن لەقىمى ئەسلىدە «شەماسىنەددىن» (كۈنگە تېۋىنغۇچىلار دىندارى) بولغان بولسا كېرەك، كەشمىر خەلقى خاتالىشىپ ئۇنى «شەمسەددىن» (دىنىنىڭ قۇياشى) دېگەن بولۇشى، ئۇنى يەڭگىل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك قىسقارتىپ: «مىر شەمس» دېگەن بولۇشى ئېھتىمال.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، كانىدات ئالىي مۇھەررىر)

# ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىدىن

**مۇھەررىردىن:** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان مەشھۇر تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي (ئابدۇللا مۇھەممەد غەرىب ئوغلى توقايوف) روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان تاتار پوئېزىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر سىڭدۈرگەن شائىردۇر. ھازىر 60 ـ 80 ياش ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە توقاي شېئىرلىرىنى يادقا بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك.

ئابدۇللا توقاي 1886 ـ يىلى 14 ـ ئاپرېل ھازىرقى تاتارىستاننىڭ ئەتنە رايونىدىكى قوشلاۋۇچ ئاۋۇلىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئورالسكى شەھىرىدە نەشر قىلىنىدىغان «ئۇرال» گېزىتىنىڭ باسمىخانىسىدا ھەرپ تىزغۇچى، كوررېكتور، كېيىن ئەدەبىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1905 ـ يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم باسقان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى تاتار ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقىقەتنى خەلقپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئالىي سۈپەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان.

ئابدۇللا توقاي ئۆزىنىڭ پوبلىستىك ماقالىلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنى ئاقارتىش، تاتار ئەدەبىياتى، تىلى قاتارلىقلار ھەققىدە يازغان بولسا، ساتىرا ژانىرىدا ئادالەتسىزلىك، بۇزۇقچىلىق، تاتار بايلىرىنىڭ چىرىكلىكلىرىنى ئۆتكۈر تىل بىلەن پاش قىلغان. ئۇنىڭ شېئىر ـ داستانلىرى يەنە تاتار ئاياللىرىنىڭ ھوقۇقسىزلىقى، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، بالىلارغا كۆيۈنۈش، مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە چوڭقۇر پىكىرلىك ئىدىيىلەر بىلەن يورۇتۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مەشھۇر رۇس كلاسسىكلىرى پۇشكىن، لېرمونتوف، نېكراسوف ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ قالدۇرغان.

ئابدۇللا توقاي 1913 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل 27 يېشىدا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

ئىگىلىنىشىچە ئابدۇللا توقاي ب د ت ئەنگە ئالغان شائىر بولۇپ، قازان شەھىرىدە ئۇنىڭغا ئىككى ئورۇندا مۇزېي تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 4 توملۇق ۋە 5 توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ تاتار مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش يىغىنى ئاچماقچى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنىلىمىزدا شائىرنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

## كېچەش

يېقىن دوستۇم! ساڭا مەندىن كېڭەش شۇل،
كىشىلەرگە سىرلىرىڭنى ئېيتماس بول!
ئىچىڭدىكى دەردلىرىڭنى ئۆزۈڭ بىل،
ئۆزۈڭ قايغۇر، ئۆزۈڭ يىغلا، ئۆزۈڭ كۈل.
كېرەك سۆزدىن ئۆزگە سۆزنى قىلمىغىن،
يۈرەكتىكى مەخپىي سىرنى ئېيتمىغىن.
بارلىق ئىنسان ياخشى كۆرەر ئۆزىنى،
زاڭلىق قىلۇر، بەختسىزنىڭ سۆزىنى.
ئۇلار يىرتقۇچ، سەن ئۇلاردىن يىراق بول!
ئۇلار ساڭا قەستلىك قىلار، بۆلەك بول!
سىرلىرىڭنى بىلىپ ئۇلار كۈلمەكچى،
سېنى راسا ئاخماق كىشى دېمەكچى.
خەۋەردار بول، سەن بۇ ئىشتىن يىراق قاچ،
سېنى ماختاپ قىلتاق قويۇپ تۇتماقچى.
قايغۇ ـ ھەسرەت چۈشسە ئەگەر بېشىڭغا،
يىغلىساڭمۇ سەندىن نېرى قاچماقچى.
يىغلىماقچى بولساڭ چىققىن خالىغا ـ
گۆدەك بولۇپ يىغلا، بوزلا خالىدا.
كىشى كەلسە يىغلاپ تۇرغان ۋاقتىڭدا،
يەنە ئۆزۈم كېڭەش بېرەي يېنىڭدا،
شۇ ۋاقىتتا «كۆزۈم ئاغرىق» دېگىن سەن،
«كېچە، كۈندۈز يېشىم ئاقار» دېگىن سەن.

www.uyghurkitap.com



# تاتار قىزلىرىغا

سۆيدۇم سىنىڭ قىيىق قۇندۇز قاشلىرىڭنى،
تال - تال ئۆرۈپ قويغان قارا چاچلىرىڭنى.
كۈلۈپ تۇرغان مۆلدۈر ياقۇت كۆزلىرىڭنى،
سۆيدۇم سىنىڭ شىرىن تاتلىق سۆزلىرىڭنى.

بۇ ماختاشقا بەردىڭلارمۇ رازىلىقنى،
سۆيدۇم سىنىڭ زىلۋا نازۇك بەللىرىڭنى.
تەڭلەشتۇرسەم، ئوخشاش نەرسە تاپالمايمەن،
مەن سۆيىمەن، جىنىم، سىنىڭ كەڭ كۆكسۈڭنى.

تولۇن ئايدەك كۈلۈپ تۇرغان يۈزلىرىڭنى،
مەن سۆيىمەن، قۇچاقلايمەن بويلىرىڭنى.
مەن سۆيىمەن جەننەت ئوخشاش پاك قوينۇڭنى،
«جىنىم» دېسەڭ، ئاچار ئىدىم مەن قوينۇمنى.

مەن سۆيىمەن سىنىڭ ئەدەپ، ئىنسابىڭنى،
يامان كۆزدىن يىراق، نېرى بولۇشۇڭنى.
كىيگەن كىيىم خوپ ياراشقان، باشتا قالپاق،
ئۇچى ئەگرى كەلگەن ئۇنىڭ ئاغزى يالپاق.

ئىشان، ھەزرەت ئەگەر ماڭا بىلەت بەرسە،
جەننەتكە كىرەر ئىدىم ئۆزۈم بىللە.
ھۆر قىزلىرى مۇنداق قالپاق كىيەلەمدۇ!
ماڭا ئوخشاش مېھرى بىلەن سۆيەلەمدۇ!

مەن كىرمەيمەن ئۇ دۇنيانىڭ ئۇجمىقىغا،
نېمە ماڭا ھۆر قىزلىرى سەن تۇرغاندا.

پەقەت بىرلا، ئەپسۇس سىنىڭ نادانلىقىڭ،
نادان بولۇپ قاراڭغۇدا قالغانلىقىڭ.

ياراتمايمەن، كۆرسەم ئەگەر قۇشناچلارنى،
دائىم سىنى ئالداپ يۈرگەن ئاپپاقلارنى.
ئۇلار ساڭا باقتۇرماقچى باللىرىنى،
يۇغۇزماقچى قاڭسىپ تۇرغان ئۆيلىرىنى.

سەن ئۇلاردىن نېمە بىلدىڭ؟ ساۋاق ئېلىپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى نادان قىلىپ، بىكار سىنىڭ.
سەن ئولتۇرۇپ موزايلارغا ئارىلىشىپ،
ھەپتىيەكنى ئېچىپ قويۇپ ھەجىلىدىڭ.

نادان ئۆتەر ئەزىز ياشلىق ئارمان بىلەن،
كەتتىڭ ئەمدى نادانلىقنىڭ يولى بىلەن.
ئەۋلادلارغا سىنىڭ تېگەر نادانلىقىڭ،
نادانلىقتا قالۇر سىنىڭ باللىرىڭ.

جاھاندا ئۆزۈڭ گويا بىر مال بولدۇڭ،
ئىماملار نەدە قويسا شۇندا تۇردۇڭ.
يوقاتتى دىن - شەرىئەت ھوقۇقۇڭنى،
قولۇڭغا ئالساڭ ئىدىڭ ئۆز ئەركىڭنى.

قۇتۇلغىن بۇ قۇللۇقتىن، ئەمدى يېتەر!
بول، چاپسان تەلپۈن ئۆزۈڭ ۋاقىت ئۆتەر،
سەيداشقا[1] ئىشەنمەڭلار ئۇ بىر نادان،
نادانىڭ نادان شاھى، بىلدى جاھان.

1906 - يىلى

# «دۇنيادا ياشاشقا بولامدۇ؟» دەپ سورىغان دوستۇمغا

ياشايسەن بۇ دۇنيادا ئەل ئالدىساڭ،
توغرى سۆز، ياخشىلارغا ئەگەشمىسەڭ.
ۋىجدانسىز شەيتان بولۇپ يالغان ئېيتىپ،
ئۆزگىنى ئالداپ، ئۆزۈڭ ئالدانمىساڭ.

نەپسىڭنى يولدىن ئەلا كۆرسەڭ،

كەمبەغەل، گادايلارنى تەڭسىتمىسەڭ.
پەقەت بىر قورساق ئۈچۈن ۋايىم قىلىپ،
شۇ يولدا ھاياتىڭنى قۇربان قىلساڭ.

بايلارنى شېرىن تىلدا ماختاپ تۇرساڭ،

① سەيداش — 1906 - 1911 - يىللاردا ئاياللارنىڭ ئازادلىقىغا قارشى تۇرغان رېئاكسىيون «بەيىنەلخەلق» گېزىتىنى چىقارغۇچى تاتار باي — ئەخمەتجان سەيداشۇ.

ماختاشنى تاپان يالاپ ئاقلاپ تۇرساڭ،
راست سۆزنى، ھالاللىقنى زىيانلىق دەپ،
ھەر دائىم ھاراملىقنى ياقلاپ تۇرساڭ.

بولساڭمۇ ئۆزۈڭ دىنسىز «دىن»، «دىن» دېسەڭ؛
گادايىنى دۈشمەن كۆرۈش دىندىن دېسەڭ.
ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ماختاپ، ئىشچان دېسەڭ؛
دۇنيادا ياخشى كىشى مەنلا دېسەڭ.

باش قويۇپ، كاپىتالغا سەن چوقۇنساڭ،
دۈشمەنگە سەجدە قىلىپ تىزلار پۈكسەڭ.
قىڭغىرنى قاراپ تۇرۇپ تۈپتۈز دېسەڭ،
ئىستىبدات نومۇسىغا ھېچ تەگمىسەڭ.

راستلىقنى يالغان بىلەن كۆمۈپ تۇرساڭ،
زىنداندىن قورقۇپ يالغان سۆزلەپ تۇرساڭ.
خۇراپات ئەسكىلىكنى كۆزگە سۈرسەڭ،
يالىڭاچ خەلقىڭ ئۈچۈن غەم قىلمىساڭ.

ھار، ئىنساب لازىم ئەمەس مەردانىلىق،
غەيرىتىڭ مىسقالچىلىك بۇ جاھاندا.
كېلىشمەس قۇرئان ئوقۇپ، تەسۋى تارتىش،
پاھشۋاز زۇلمەت باسقان بىر ھۇجرىدا.

پاشايسەن بۇ دۇنيادا ۋىجدان ساتساڭ،
يالاقچى، خوشامەتچى بولۇپ ئالساڭ.
ئالدامچى خائىنلارغا دۇنيا جەننەت،
خەلقنى شوراپ، ئۆزۈڭ راھەت ياتساڭ.

سۆزۈمنى قۇلىقىڭدا تۇتالمايسەن،
يالغانچى، ئىككى يۈزلۈك بولالمايسەن.
توشقاندەك جاندىن قورقۇپ تىترىمەيسەن،
ھەق يولدىن نېرى ـ بېرى بۇرۇلالمايسەن.

دۇنيادا خار يۈرگىچە، ئۆلگەن ياخشى،
يۈرەككە قانلىق خەنجەر ئۇرغان ياخشى.
يەر شارى! ھەقىقەتنى سۆيگەنلەرگە،
ئۈستۈڭدىن سېنىڭ مىڭ قات ئاستىڭ ياخشى.

ھەقىقەت جاھاندا يوق، يەر ئاستىدا،
ئىنتىلار كۆڭلۈم مېنىڭ يەر ئاستىغا.
ھەقىقەت، سېنىڭ بىلەن بىر چىقارمىز،
تېز كۆمۈل، چاپسان كىرگىن يەر ئاستىغا.

خوش، دوستۇم! مېنى ئاسار ئېگىز دارغا،
تېنىمنى چوقۇپ يېسۇن قۇزغۇن، قارغا.
قىسىلدىم بۇ جاھاندىن تويدۇم شۇنچە،
ئاغرىيمەن ئۆتكەن كۈنۈم، ساڭا شۇنچە.

1907 ـ يىلى

## شائىر

ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ قېرىسامۇ،
ھالىم كېتىپ، بەل ئىگىلىپ مۈكچەيسەممۇ.
كۆڭلۈم مېنىڭ ياپياش قالۇر ھېچ قېرىماس،
جىنىم كۈچلۈك بولۇپ، مەندىن غەيرەت قايتماس.

كېلەر ـ كەلمەس تىلەك تىلەپ ئولتۇرمايمەن،
قېرىسامۇ، ئوخشىمايمەن قېرىلارغا.
تەڭرىم مەشكە بارغىن دېسە ئەمىر بېرىپ،
شېئىرلاردىن كېلەر دەيمەن يالقۇن ماڭا.

كۆكرىكىمدە شېئىرلارنىڭ تۇرسا ئوتى،
قېرىسامۇ، كۆتۈرەرمەن ئېغىر تاغنى.
كۆڭلۈمدە كۈن دائىم باھار، ھەممىشەم ياز،
شائىر كۆڭلى قىش بولمايدۇ، قارمۇ ياغماس.

مەن ئۆلەرمەن ناخشا ئېيتىپ ئۆلگەندىمۇ،
قورقمايمەن ئەزرائىلنى كۆرگەندىمۇ!
«بىز كېتەرمىز سىز قالارسىز» دەپ ئېيتىمەن،
تەنلىرىمنى تۇپراق بىلەن كۆمگەندىمۇ.

ئۇيغۇر كىتابلار تورى
www.uyghurkitap.com



## مۇھەببەت

يەر كۆكەرمەس، گۈل ئېچىلماس سۇ تامچىسى بولمىسا،
شائىر شېئىرنى نەدىن ئالسۇن ئىلھامچىسى بولمىسا.

ئېيتىڭلارچۇ قايسى شائىر بىر گۈزەلنى سۆيمىدى؟
بايرونىڭمۇ؟ لېرمونتوفمۇ؟ پۇشكىننىڭمۇ؟ قايسىسى؟

يۈرەك ئۆزى بىر پارچە گۆش ئەگەر ئىشقى بولمىسا،
مۇھەببەتنىڭ دەردى ئۇنى پارە ـ پارە قىلمىسا.

بۇ شېئىرنىڭ ھېسلىرىنى ئالدىم گۆھەر، ئۈنچىدىن،
ئېيتساڭلارچۇ ھۆسنى قانداق كام ئەمەسقۇ غۇنچىدىن.

تاتارلارنىڭ شائىرلىرى كېيىن قالغاي ھەممىسى،
ئالغا بارسۇن شىلتىپ تۇرسۇن چىن مۇھەببەت قامچىسى.

ئۆلتۈرسىمۇ بۇ دۇنياغا بىر كۈن خوجا بولمايمەن،
ئاشىقلىقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ پەقەت مەڭگۈ قۇلىمەن.

يوشۇرۇن كۆيۈش، مەخپىي ئازاب شۇنچە تاتلىق لەززىتى،
بارمىكىن تاڭ، بۇنى بىلەر مەندىن ئۆزگە بىر بىر كىشى.

كىشىلەر بار مۇھەببەتنىڭ ئوتى بىلەن يانغۇچى،
قايدا پەرھاد بىلەن مەجنۇن مەن ئۇلارنىڭ تاڭچىسى.

## ياخشى كۆرۈشكە بولىدۇ

قىشنى ياخشى كۆرەر ئىدۇق، ئۇنىڭ قاتتىق سوغلىرى بار،
كېيىمى يوق دىرىلدىگەن يېتىم، مىسكىن پېقىرى بار.

ياز چىرايلىق، يازنىڭ گۈزەل خۇشال ـ خۇرام كۈنلىرى بار،
ئەمما، لېكىن تاش ئۆيى يوق كەمبەغەلگە دوزىخى بار.

يارىتىمەن بۇ دۇنيانى گۈزەل قىرلار، تاغلىرى بار؛
ياراتمايمەن بۇ دۇنيانىڭ قارا نىيەت ئادىمى بار.

## مىللەتچىلەر

تاتار خەلقى، سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدۇڭ،
ساڭا دورا تەسىر قىلماس مەسمۇم[1] بولدۇڭ.
ئېغىنايسەن يولدا يېتىپ تېپىرلايسەن،
كۆم ئۆزۈڭنى، مۇنداق يېتىپ ساقايمايسەن.

مىللەتچىلەر سېنى ئالداپ ئوغلايدۇ،
«كېسىلىڭدىن ساقايدىڭ» دەپ «قورۇغدايدۇ»
سەن ئالدانما! سېنىڭ قالغان ئاقچاڭ ئۈچۈن،
يان ـ يېنىڭدىن ياسىن ئوقۇپ يورغىلايدۇ.

---

① مەسمۇم — ئوغلانغان، زەھەرلەنگەن.

مىڭلاپ ئايەت ئوقۇسىمۇ ئوڭشالمايسەن،
قارشى تۇرۇپ كۆرەش ئاچماي ساقايمايسەن؛
كېسەللەرنى يۇتماق بولغان ئەجدىرھانى،
تاپسالڭ ئىدىڭ ئۆلتۈرگۈچى مەردانىنى.

مىللەتچىلەر، يالتايغاقلار شۇنچە قورققاق،
يالغاندىنلا «مىللەتچىم» دەپ تامشىپ قويماق.
خوراز بولۇپ ھۆرپەيگەندەك قىلغان بىلەن،
ھېلىگەرلىك بىلەن ئۆزى جان ساقلىماق.

توغرا سۆز بۇ، ھېچ جايدا يوق شەك - شۈبھىسى،
بۇ ھەق سۆزنى يوشۇرغاندا يوق پايدىسى.
كۆرۈڭلار! ساداقەتمەن شاگىرتلارنى①
تىرىلدۈرمەك ئۆلمەك بولۇپ ياتقان باينى.

مىللەتچىلەر، ئالدامچىلار قان شورايدۇ،
سەن ئۇلارغا ئالدانمىغىن ئەگمە باشنى.
مەيلىڭ ئۆلگۈن، مەيلىڭ تىرىل ئۇلار شاگىرت،
ئۇلار زۇلۇم دۇنياسىغا مەڭگۈ ئەلچى.

«مىللەت» دەيدۇ، يالغاندىنلا ئىخلاس قويۇپ،
ھېلىگەرلىك، يۈرگەن ئۇلار قوساق سىلىپ.
سۆزلەر ئېيتساڭ، قارشى تۇرساڭ سېنى ئۇرۇپ،
شۇ زاماندا قويار ئېگىز دارغا ئېسىپ.

قارا قۇرۇت، دۈشمەنلەردىن ئۈمىد قىلما،
ئادالەتلىك ئەر، يىگىتكە خەلقىم موھتاج.
ئالدانمىغىن، مىللەتچىلەر بىزگە دۈشمەن،
خەلقىم ئۆزۈڭ تاپ يولۇڭنى قىلغىن ئىلاج.

## ئاياللار ئازادلىقى

ئازادلىق، تەڭلىك كېرەك ئاياللارغا،
كۈن - تۈنى شۇئار تاشلاپ مەن مەيداندا؛
ئاياللار ئەركى ئۈچۈن كېرەك بولسا،
قايتمايمەن قانلىق ئۇرۇش ئۆلۈم تۇرسا.

ئاياللار چۇقان سالغىن شانلىق يولدا،
ئازادلىق بولسۇن بىزگە مەتبۇئاتتا.
ئوق ئاتقىن، سوقۇش ئاچقىن دۈشمەن بىلەن،
شۇ يولدا كۆرەش ئاچقىن زالىملارغا.

ئەي، خەلق! ئاياللارغا يول بېرىڭلار،
ئاياللار، ئەركىن، ئازاد، ھۆر ياشاڭلار.
ئات يىراق، پەرەنجەڭنى يىرتىپ تاشلا!
ئىشانلار ماتەم تۇتسۇن بۇخارادا.

ئۇلارمۇ ھوقۇق ئالسۇن، ئابرۇي تاپسۇن،
ھۆررىيەت دېڭىزىدەك قايناپ تاشسۇن.
ئادەم بول مۇقەددەستۇر زور كۈچىمىز،
ئوقى - ياز، كىشى بولماق چوڭ شەرتىمىز.

## ئۆي ئىچىنىڭ تىنچلىقى

ئەگەر بوسۇن دېسەڭ ئۆيۈڭ جاڭجالسىز ھەم چۇقانسىز،
ئېرى قارغۇ بولسۇن، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ زۇۋانسىز.

1909 - يىلى

## ئاشىق

سىرتتىن يار كۆڭۈللۈك كۆرسەڭ ئۇنى،
سەزمەيسەن، سىرتقا چىقماس ئوت يالقۇنى.
ئىچىدە تولۇپ ياتقان مەخپىي سىرى،
ئاشىق يار، مەزگىلىدە كىرىپ كەلسە،
بىلمەيسەن قانچىلىك ئوي بار ئىچىدە،
سۆزلۈپ، ھۆسنى كىرەر باشقا رەڭگە.

① شاگىرتلار — دىنىنىڭ، بايلارنىڭ خىزمەتچىلىرى مەنىسىدە.

قىزىرىپ كۈلەر ئۇنىڭ ئايدەك يۈزى،
تارتىنىپ يەرگە قارار ئەجەب كۆزى.

ئاشىق يار كۆرۈنگەندە ھالى كەتكەن،
مۇسامۇ[1] سۆيگىنىگە تازىم ئەتكەن.

1909 - يىلى

## كىتاب

كۆڭلۈم مېنىڭ ئېچىلماستىن ئىچىم پۇشسا،
ئۆز - ئۆزۈمنى بىلمەس ھالدا روھىم چۈشسە.
جاپا چەكسەم، ھېرىپ كەتسەم، بۇ دۇنيادا،
ھېچ بىر لەززەت تاپالماستىن بۇ جېنىمغا.
تۈگىمەس بىر قايغۇ - ئەلەم كېلىپ تۇرسا،
كۆڭۈلسىزلىك ئويلار بىلەن بېشىم قاتسا.
سارغىيىمەن كۆيۈپ جېنىم مۇڭغا پاتسا،
كۆزلىرىمدىن تامچا ياشلار ئېقىپ تۇرسا.
شۇ ۋاقىتتا مەن قولۇمغا كىتاب ئېلىپ،
ئۇنىڭ ئىزگۈ بەتلىرىنى ئوقۇپ بىلىپ،
جېنىم، قېنىم لەززەتلىنىپ كېتەر شۇ چاغ
كۆڭلۈمدىكى دەردلىرىمۇ دەرمان تېپىپ.
ئوقۇپ چىققان ھەربىر قۇرۇم، ھەربىر سۆزۈم -
يول كۆرسىتەر مېنىڭ پارلاق يۇلتۇزلىرىم.
بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغاندەك،
پارقىرايدۇ نۇرغا تولۇپ كۆڭلۈم، كۆزۈم.
پاكىزلىنىپ، يېنىكلىنىپ مەن شۇ چاغدا،
رەخمەت دەيمەن ئوقۇپ چىققان كىتابىمغا.
ئاشار مېنىڭ ئىشەنچىم ئۆز - ئۆزۈمگە،
ئۈمىد بىلەن مەن قارايمەن كېلەچەككە.

1909 - يىلى

## ياڭيۇ بىلەن ئىلىم

ياڭيۇرۇم، سەن بىزگە كەلدىڭ،
كۆپ يىراقتىن - ئامېرىكىدىن.
يەن ھەم ئىلىم كەلدىڭ پارلاپ،
بىزگە يېقىن - ياۋروپادىن.

باشلاپ ياڭيۇ يات كۆرۈندۈڭ،
ئەل كۆرمىگەن سېنى بىر يەپ.
دېھقانلارغا سەت كۆرۈندۈڭ،
چۇقان سالدى «بۇ جەدىد» دەپ.

«بۇنى بىزگە كىم يەتكۈزدى،
بۇنى تاپقان دەھرىلەر» دەپ.
«ئىچى تولغان زەھەر - ئوغا»
تەشۋىق قىلدى «يېمەڭلار» دەپ.

ياڭيۇرۇم، كۆپ ئازابقا سەن،
چىداپ كەلدىڭ سەۋرىڭ بىلەن.
دېھقان ئەھلى سېنى يۇلۇپ،
ئاتتى تاشلاپ قەھرى بىلەن.

«ياڭيۇ يېگەن كىشى بولسا،
خۇدا ئۇنى ئۇرار» دېدى.
ساڭا ئاتاق بەردى زامان،
«شەيتان ئېشى - ئىسمى» دېدى.

ياڭيۇرۇم، سەن خۇشال بولغىن،
ئەسكە ئالما بۇرۇنقىنى.
يېڭىپ چىقىپ، ماكان قىلدىڭ،
دېھقانلارنىڭ قورسىقىنى.

سەن كېكەرتسەڭ، ھازىر ئۇلار،
«ئەلھەمدۇلىللا» دەپ قويىدۇ.
«شۈكرى» دەيدۇ بۇ نېمەتكە،
«ئاللا بىزگە بەردى» دەيدۇ.

---

① مۇسا — پەيغەمبەر ئىسمى.

ئىلىم، سەنمۇ بۇ ياڭيۇدىن، دېھقانلارنىڭ باشلىرىغا،
سەۋر، ئۈلگە ـ ئىبرەت ئالغىن. نۇرلاندۇرۇپ ئەقىل سالغىن.

1912 ـ يىلى

## مۇناپىققا

بۇ جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق جاپاسىنى تولا كۆردۈم،
ھەممە يېتىم ئۆتكەن جانلار نېمە كۆرسە شۇنى كۆردۈم.

ھازىر شادلىق، ئويۇن ـ كۈلكە، سۆزۈم ئەمدى يېتەرلىك كۆپ،
كىچىك چاغدا، غېرىب بېشىم، جاپا چەكتىڭ شۇنچىلىك كۆپ.

پانىي دۇنيا سەھنىسىنىڭ كۆردۈم ئازاب قايغۇسىنى،
ياۋۇز تەقدىر ئۆزى ئالسۇن ماڭا سالغان جاپاسىنى.

شۆھرەت بىلەن ھۆرمەت تىلەپ ئېگىز كۆككە ئۇچماق بولدۇم،
كۈچۈم يەتمەي، ھاۋا يەتمەي، يېنىپ يەرگە چۈشمەك بولدۇم.

پۇت ـ قولۇم بار قاناتلىق مەن كۆككە يېتەر كۈچنى كۆردۈم،
قايتماس مېنىڭ غەيرىتىم بار ئۆزۈمنى مەن بۈيۈك كۆردۈم.

ماختانماڭلار، دۈشمەنلىرىم، قېرىپ پۈتكەن ئۆمرۈڭ بىلەن،
مۇناپىقلار، يوقىتارمەن بىر كۈنلەردە ئۇگاڭ بىلەن.

1912 ـ يىلى

## پارچە

قارا كۈنگە قارشى تۇرار كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ساقلالمىدىم،
شۇنىڭچۇن كۈنلىرىمنىڭ ھېچبىرىنى «ئاق» دېيەلمىدىم.
بولدى يولدا توسالغۇلار ئىتتىن تولا دۈشمەنلىرىم،
چۈنكى ئۆزۈم زالىملارنى، ھاكىملارنى ياقىلالمىدىم.
ئۈچۈم يانماي پۈتتى كۈچۈم، سۇندى قىلىچ، پۈتتى ئىشىم،
مەن كىرلىنىپ پۈتتۇم ئۆزۈم دۇنيانى پاك ئېتەلمىدىم.

1913 ـ يىلى

## مەكتەپ

بىر ماقال بار: «رۇس بېيىسا چېركاۋ سالار، بۇ ماقالنى تەپسىر قىلسام ئەمدى، دوستلار، تاتار بېيىسا ئۈچ ـ تۆت خوتۇن چەتتىن ئالار. . . رۇس باي بولسا ئەڭ ئىلگىرى مەكتەپ سالار.

1913 ـ يىلى

# ئاتا بىلەن بالا

(خەت تاختا ئالدىدا)

ئەزىز ئوغلۇم، ياز خېتىڭنى ئاق بور بىلەن،
خۇشاللىنىپ كۆڭلۈڭ تولسۇن ئاق نۇر بىلەن.

ئۈچ ناداندىن ئەلا يالغۇز خەتدار كىشى،
ھۆرمەت تاپار بىلىم - ھۇنەر ئالغان كىشى.

1908 - يىلى

# ياخشى خەۋەر

يامغۇرنىڭ بىر تامچىسى بىر تامچىدىن،
سورايدۇ بىر سوئالنى، قوشنىسىدىن:
«نېمىشكە بىز ياقاقاندا كۆكتىن قويۇپ،
تورىمىز دېرىزىنى چېك - چېك ئۇرۇپ؟»

يولدىشى بۇ سوئالغا جاۋاب بەردى:
«نېنى يوق بۇ كەمبەغەل ئۆيىنىڭ» دېدى.
«يەتكۈزدۇق بىز ئۇلارغا ياخشى خەۋەر،
كېلەر كۈز ئاشلىق ياخشى ھوسۇل بېرەر».

1908 - يىلى

# ئىش

ئىشلە، بالا! ئىشلەش ئۈچۈن كۈن يارالغان،
ئۇخلاپ يېتىپ دەم ئېلىشقا تۈن يارالغان.

نۇرلار چېچىپ يورۇق بەرگەن كۆكتە ئۆزۈپ.

سەھەر تۇرۇپ ساۋاق ئوقى، ياز خېتىڭنى،
ھارغان چاغدا دەم ئالارسەن جۈمە كۈنى.

ھارغان چاغدا كۈنمۇ ئېرىپ ئۆزى پاتقان،
ئۆزى ئۇخلاپ يەر يۈزىنى ھەم ئۇخلاتقان.

كۈنگە قارا! تاڭ ئاتقۇزغان سەھەر تۇرۇپ،

سەنمۇ تىرىش كۈنگە قاراپ ئىبرەت ئېلىپ،
كۆپ ئىچىدە پارقىراپ تۇر ھۆرمەتلىنىپ.

1909 - يىلى

# تۇغقان تىل

ئەي، تۇغقان تىل، ئەي، گۈزەل تىل، ئاتام - ئانامنىڭ تىلى،
دۇنيادا كۆپ ئىشنى بىلدىم، سەن تۇغقان تىل ئارقىلىق.

شۇ تىل بىلەن ئەڭ ئاۋۋالدا ئانام بۆشۈك تەۋرەتكەن،
ئۇزۇن تۈنلەر ھەممىسىگە ھېكايىلەر سۆزلەتكەن.

ئەي، تۇغقان تىل، ھەر ۋاقىتتا ياردىمىڭدە بىر سېنىڭ،
ياشلىقىمدىن شادلىقىمنى بايان قىلدىڭ سەن مېنىڭ.

ئەي، تۇغقان تىل، سېنىڭ بىلەن باشلاپ قىلدىم مەن دۇئا:
«ئاتا - ئانام، ھەم ئۆزۈمنى بەختلىك قىل، - دەپ - خۇدا».

1910 - يىلى

## ھەركىمنىڭ نەپسى بار

بىر چىۋىن ئىنىماي ئۇچۇپ جاڭگال بويلاپ،
قورساق ئاچ، ھەريان كەزدى يەمچۈك ئويلاپ.
دۈچكەلدى ئۇچۇپ يۈرگەن بىر چىمچىققا[1]،
يۈرەتتى ئۇمۇ ئوزۇق - تاماق ئوۋلاپ.

بىچارە ئۇ چىۋىننىڭ ئۆمرى پۈتتى،
سەزدۈرمەي چىمچىق كېلىپ ئۇنى تۇتتى.
چىمچىق ئاچ كۆپتىن بېرى يۈرگەن ئىدى،
چىۋىننى ئوزۇق قىلىپ، تامام يۇتتى.

بىر قورغۇي ئۇشبۇ يەردە يۈرگەن ئويناپ،
«بىر يەمچۈك چىقارمۇ» دەپ تىمىسقىلاپ.
چىمچىققا قورغۇي قاراپ كۆزى چۈشتى،
ئاسماندىن ئېلىپ ئالدى، يەرگە چۈشتى.

چىمچىقنىڭ ھازىر ئەمدى ئۆمرى تامام،
قورغۇيغا بولدى ئۇزى ياخشى تائام.
قورغۇيۇم ئىككى چوقۇپ، يەپ تۈگەتتى،
چىمچىقنىڭ تۈكى توزۇپ، كۆككە ئۇچتى.

قاياقتىن پەيدا بولدى بىر قىران قۇش،
ئاسماندا لەيلەپ ئۇچۇپ، كۆڭلى بەك خۇش.
قورغۇينى ئەپلەپ يۈرۈپ ئالدى تۇتۇپ،
چاڭگاللاپ باتۇر قولى سىقىپ - يۇلقۇپ.

شۇ زامان نەدىن كەلدى ئوۋچى مەرگەن،
جاڭگالدىن ئاتماق بولۇپ قۇش ئىزلىگەن.
سەزدۈرمەي ئاستا كېلىپ، مۆكۈپ يېتىپ،
بۇركۈتنى ئاتتى كۆزلەپ مىلتىق بىلەن.
ئوق بېرىپ دەللەپ ئاتقان يەرگە تەگدى،
قىران قۇش يەر قۇچاقلاپ جاننى بەردى.

1910 - يىلى

## باللار ناخشىسى

غاز قانىتى ئاق ئىكەن،
ئەر قانىتى ئات ئىكەن.
باللارنىڭ خۇش ۋاقتى
مەكتەپتىكى چاغ ئىكەن.

1912 - يىلى

## ياپون ھېكايىسى

بۇرۇن بىر تاشچى يىگىت بولغان ئىكەن،
يىراقتا ياپون دېگەن ئەلدە ئىكەن.
جىگەرلىك ئەمگەك سۆيگەن كىشى بولۇپ،
تاش ياساپ، تاشنى ئويۇش - كەسپى ئىكەن.

تاش يېرىپ تەرلەپ - پىشىپ ئۆمۈر سۈرۈپ،
ھەر زامان بولغا تۇتقان ئەمگەك سۆيۈپ.
ياش يىگىت ئىشلەپ - ئىشلەپ ھېچ ھارمىدى،
ئۆتمىدى ياخشى تۇرمۇش، راھەت كۆرۈپ.

بىر كۈنى ئېغىر ئىشلەپ ئىشتىن يېنىپ،
بۇ كۆڭلى قايتتى ئەمدى، ھالدىن كېتىپ.
تار كۆرۈپ بۇ جاھاننى ئۆز - ئۆزىدىن،
زارلاندى ياشلار تۆكۈپ كۆزلىرىدىن.

«خۇدايىم، مېنى شۇنچە پېقىر قىلدىڭ،
رەھمىتىڭ كەڭ بولسىمۇ گادای قىلدىڭ.
باي قىلساڭ، مەنمۇ راھەت كۆرەر ئىدىم،
ھۆر ياشاپ، دەۋران سۈرۈپ يۈرەر ئىدىم».

شۇ ۋاقىتتا بىر پەرىشتە ئۇچۇپ كەلدى،
يىگىتنىڭ مۇڭ - زارىغا دۇئا بەردى.
ھەم ئېيتتى: «ياخشى، شۇنداق بولغىن» دېدى،
«مەيلى سەن خالىغانچە، باي بول» دېدى.

تاشچىمىز شۇ ئاندىلا زور باي بولدى،
ئاۋۋالقى ئېغىر تۇرمۇش ئۇنتاي بولدى.
ئۈستىدە يىگىتنىڭ ئېغىر ئىش يوق،
قورساق توق، ئەمدى بۇنىڭ قايغۇسى يوق.

---

① چىمچىق — قۇشقاچ.

شۇ ۋاقىتتا كوچا بويلاپ كېتىپ بارغان،
كۆرۈندى ئەسكەر بىلەن بىر ئۇلۇغ خان.
باش ـ ئۇستى كىيىملىرى ۋال ـ ۋۇل ئېتىپ،
تۇراتتى كۈن نۇرىدا كۆزنى چېقىپ.

«باي بولۇش قىيىن ئەمەس» دېدى تاشچى،
بىر نەسىپ بىلەن ئۆزى خان بولماقچى،
«شۇ ۋاقىتتا بەختىم مېنىڭ بولار ئىدى، ـ
ئالتۇن تاج، ۋەزىرلىرىم بولسا» دېدى.

شۇ ۋاقىتتا بىر پەرىشتە ئۇچۇپ كېلىپ،
تاشچىنىڭ هال ـ مۇڭىغا يەنە يېتىپ:
«خالىغان نەرسەڭ بولسۇن، خان بول» دېدى،
پەرىشتە كەتتى ئۇچۇپ «خوش بول» دېدى.

تاشچىمىز شۇ سۆز بىلەن بىر خان بولدى،
هەر تەرەپكە ئەسكەر بىلەن ۋەزىر تولدى.
خان ئۈچۈن نەغمە ـ ناۋا ئويناۋاتقان،
تاشچىمىز قولىغا ئالتۇن كۈنلۈك تۇتقان.

خان بولدى، بىراق تاشچى رازى ئەمەس،
ئىسسىقتا تەرلەپ پىشتى تۆزەر ئەمەس.
«خان بولۇش ماڭا لايىق ئەمەس» دېدى،
«كۈن بولسام، كۆكتە ئۆزسەم ـ دېدى ـ ئەمدى»

شۇ ۋاقىتتا بىر پەرىشتە ئۇچۇپ كەلدى،
«مەيلى سەن كۆكتە پارلاق كۈن بول» دېدى.
شۇ مەزگىل تاشچى يىگىت بىر كۈن بولۇپ،
ئاسماندا پارقىرايدۇ نۇرغا تولۇپ.

ئېگىز كۆك ئازدىن كېيىن بۇلۇت بولۇپ،
يەر بىلەن ئاسمان ئارا پەردە بولۇپ.
كۈن يەرگە كۆرۈنمەيدۇ، يەر كۈنگىمۇ،
غەيرەتلىك بىر كۈچ بىلەن قاپلاپ بۇلۇت.

تاشچىمىز «كۈن بولمايمەن» دېدى زارلاپ،
بۇلۇتتىن قانداق چىقىپ تۇرار پارلاپ.
«خودايىم، بۇلۇت بولسام» دېدى يىغلاپ،
«ئاسماندا يۈرەر ئىدىم» دېدى چارلاپ.

پەرىشتە بۇ ۋاقىتتا ئۇچۇپ كېلىپ،
«سېنىڭچە بولسۇن» دېدى قانات قېقىپ.

شۇ ۋاقىتتا تاشچى يىگىت بۇلۇت بولدى،
ئاسماندىن يەرگە يامغۇر قۇيۇپ تۇردى.

چىلەكلەپ كۆكتىن تىنماي يامغۇر يېغىپ،
سەل بولۇپ ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئاقتى تېشىپ.
چۆللەرنى، ئېتىزلارنى سۇلار باستى،
سايلاردا دولقۇنلىغان سەللەر ئېقىپ.

كەتتىمۇ دولقۇن ئۇرۇپ سايلار تېشىپ،
چۆللەرگە هۇجۇم قىلىپ ياۋەدەك بېسىپ.
ئاشمىدى دولقۇنلىرى ئېگىز تاغدىن،
كۆرمىدى مىسقال زىيان بۇلۇتلاردىن.

بولمايمەن ئەمدى بۇلۇت كۆك ئاسماندا،
ئۇنىڭدىن يوق بولغىنىم ئارتۇق ماڭا.
كەلمىدى غەيرىتىمدىن هېچ باللار،
مەڭگۈتەي تۇردى كۆلۈپ ئېگىز تاغلار.

پەرىشتە يەنە ئۇچۇپ كەلدى ئاڭلاپ،
«مەيلى سەن تاغ ـ تاش بولغىن» دېدى ئاڭلاپ.
تاغ بولدى تاشچى يىگىت ئېيتقان زامان،
«مەڭگۈلۈك تۇرسام» دېدى ئەمدى ئامان.

هەر ياقتىن كەلسە ئەگەر سۇلار ئېقىپ،
سەل بولۇپ دولقۇنلىرى قايناپ تېشىپ.
ئېگىز تاغ تۇردى غەمسىز كۆكرەك كېرىپ،
تەكەببۇر قوزغالمايدۇ، ئەسكە ئېلىپ.

بىر ۋاقىتتا بىر توپ كىشى تاققا چىقىپ،
كەلمەكتە بولقا، بازغان قولغا ئېلىپ.
تاغلارنى ۋەيران قىلدى تاشنى يېرىپ،
تاش سۇنۇپ ئۈگۈلماقتا بازغان تېگىپ.

«كۆپ نەرسە ـ دېدى يىگىت ـ بولۇپ كۆردۈم،
ياخشىلىق هەربىرىدىن ئۈمىد قىلدىم.
ئەمگەككە هېچبىر نەرسە تەڭ كەلمەيدۇ،
ئەمگەكتىن ئارتۇق نەرسە هەم بولمايدۇ. ـ

مەن ئۆزۈم يېنىپ يەنە تاشچى بولسام،
جىگەرلىك ئىجتىھاتلىق ئىشچى بولسام» ـ
دېگەندە، قۇدرەت بىلەن تاشچى بولدى،
ئاۋۋالقىدەك غەيرەتلىك ئىشچى بولدى.

1909 ــ يىلى

# خەلقپەرۋەر، دېموكراتىزمچى شائىر زۇھۇرى

نۇرنىسا باقى

شائىر مۇھەممەتقاسىم زۇھۇرى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە ئەدەبىي سىيمالاردىن بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئىلغار پىكىرلىك خەلقچىل ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان. زۇھۇرى شېئىرلىرى مىللەتچىلىك، مىللىتارىزم ۋە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇم - كۈلپەتلىرىنى پاش قىلىش، خەلقنى ئازادلىق ۋە ھۆرلۈك تامان ئۈندەشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

شائىر مۇھەممەتقاسىم زۇھۇرى 1901 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى ھېيتگاھ مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېرىيىدىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان ۋە شۇ يەردىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلاردىن تەلىم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەرەب - پارس تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە دائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى زاماندىشلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، تەرەققىيپەرۋەر كۆزقاراشقا ئىگە خەلقچىل ئەدىب بولۇپ يېتىشىپ چىققان. شائىر ئاشۇ كۈچلۈك خەلقچىل روھنىڭ تۈرتكىسىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق مىللىتارىستلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئازادلىق، ھۆرلۈككە ئۈندەيدىغان نۇرغۇن ياخشى شېئىرلارنى يازغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كېرىيەدىكى دائىرلىرى شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان. شائىر تۈرمىدە ياتقان مەزگىللەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى توختاتماستىن داۋاملاشتۇرغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىڭلىغان مېھنەتكەشلەر قاتارىدا شائىرمۇ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىپ كەلگەن سولچىللىق شامىلىنىڭ زەربىسىگە ۋە ھەسەتخورلارنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپ، يەنە تۈرمىگە ئېلىنغان ۋە قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، كېرىيەنى تاشلاپ، چەرچەن تەرەپلەردە تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغان. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شائىرنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاقلانغان. ئۇ ھەقىقىي بەختىيار ھاياتنىڭ تەمىنى ئەمدىلا تېتىشقا باشلىغاندا، ئۆمرى ۋاپا قىلماي، 1981 - يىلى ۋاپات بولغان.

شائىر زۇھۇرىنىڭ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇز يىلى ئازادلىق دەۋرىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئازادلىقتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە دېموكراتىك روھ ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى زۇلمەتلىك زامان ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان شائىر زۇھۇرى كاج پەلەك، شۇم زامان ئۈستىدە قاقشاپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

*ئەي فەلەك، ئۆزگۈنۇ كەج رەفتار،*
*مېنى قىلدىڭ جاھاندا دىل ئەفگار.*

*خۇشناۋا تۇتى داغو ھىجراندا،*
*قاغا قوزغۇنلار باغو بوستاندا.*

*ئاغمىچى خەلق ئىچىدە «دەئۋەتچى»،*
*خەلقنى ئەزگۈچى «ساداقەتچى».*

شائىر بۇ مىسرالاردا پۇرسەتپەرەسلەر خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ، ساختىپەزلىك بىلەن «شاپائەتچى» بولۇۋالغان زالىملارنىڭ، خەلق زۇلۇم، كۈلپەت ئىچىدە ئېزىلگەن زاماننىڭ شۇملۇقلىرىنى غەزەپ بىلەن ئېچىپ تاشلىغان.

شائىر زۇھۇرى شېئىرلىرىدا ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان ئۈمىدۋار روھ چاقناپ تۇرىدۇ:

*ئاقىبەت بىزگە ھەم ھەقىقەت بار،*
*كۈننى ياپماققا كىمدە قۇدرەت بار.*

زۇھۇرى شېئىرلىرىدا ھايات ھېكمەتلىرى، جەمئىيەتنىڭ ۋە تۇرمۇشنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئىخچام ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن:

*تا ئەلەم كۆرمەي كىشى ئۆمرى ئۆتەر غەفلەت بىلەن،*
*غەفلەتىدىن ئويغانۇر رەنجۇ ئەلەم كۆرگەنسىرى.*

دېگەن مىسرالاردا بۇ جەبىر ـ جاپالارنىڭ خەلقنى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغانلىقىنى، دەرد ـ ئەلەم تارتمىغانلارنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلايدىغانلىقىنى پەقەت ئىككى مىسرا بىلەنلا تولۇق ۋە روشەن شەرھلەپ بەرگەن.

شائىر يەنە:

*قىش كۈنىدە ئوت ياقاسى گۈل ياقاسىدىنمۇ خوپ،*
*ئاچ قورساققا خام ئوماچ ئەنجان پولۇسىدىنمۇ خوپ.*

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىدە ھەر نەرسىنىڭ ئۆز نۆۋتىدە قەدىرلىك ئىكەنلىكى، ئۆزگىلەرنىڭ ئېسىل - ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىدىن ئاددىي بولسىمۇ، ئۆزۈڭنىڭ نەرسىلىرى ياخشى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر قاتار دىئالېكتىكىلىققا ۋە چوڭقۇر ھايات ھەقىقەتلىرىگە تويۇنغان مەزمۇنلارنى ئاددىي ۋە راۋان تىل بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

زۇھۇرى شېئىرلىرىدا كىشىلەرنى ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئۈندەيدىغان، يامان ئىللەتلەردىن توسىدىغان نادىر مىسرالار بار. مەسىلەن:

*ئەجدىھادەك قامەتىڭغە ئەسلا مەغرۇر بولمىغىل،*
*بۇ جەھاندا نەچچە سەندەك ئەجدىھالار باردۇر.*
*ئەۋۋەلى تاشقىن ئاقۇر، ئاخىر تۈگەر ئەنھارى ئۆمر،*
*دەۋلەتىڭ رۇستەمچەدۇر، جايىڭ كېيىن مازاردۇر.*

دېگەن مىسرالاردا شائىر كىشىلەرگە ھايات قىسمەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

*ھەر كىشى ساقلاش زۆرۈردۇر سەككىز ئەشيا باش - ئاياغ،*
*يېگىنە، يېپ، گۈگۈت، پىچاق، چايگۈن، تاۋاق، خورجۇن، تاماق.*
*كى ھەزەر قىلسۇن كىشى، قاچسۇن بۇ سەككىزدىن يىراق،*
*زىنا، غەيۋەت، تەمە، كىبىر، جېدەل، تۆھمەت، نەشە، ھاراق.*

دېگەن مىسرالاردا شائىر تۇرمۇشتا كىشىلەرگە دائىم كېرەك بولىدىغان سەككىز ئېھتىياجلىق نەرسە بىلەن، سەككىز زىيانلىق ئىللەتنى ئىخچام يەكۈنلەپ كۆرسىتىپ، ئادەملەر ئۈچۈن پايدىلىق شەيئى ۋە ئىش - ئەمەللەرنى ھازىرلاشنى، كىشىلەرگە زىيانلىق شەيئىلەر ۋە يامان قىلمىشلاردىن ھەزەر ئەيلەشنى، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ.

شائىر زۇھۇرى مىراسلىرى دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىز خەزىنىسىدە ئۆزىگە خاس رەڭ ۋە جۇلاغا ئىگە بەدىئىي مىراسلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق قېزىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، خەلققە تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىلمىي خىزمەت بۈگۈندىن كېيىن داۋاملىق چوڭقۇرلاشقۇسى.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# ھەزىنىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە

**نادىرخان ھەسەن (ئۆزبېكىستان)**

تارىختىن مەلۇمكى، خوجا ئەھمەد يەسەۋىي تەسەۋۋۇپ دۇنياسىدىكى تۈركىي تەرىقەت ـ يەسەۋىيلىكنىڭ ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. يەسەۋىيلىكنىڭ تارىخى، ئەدەب ـ قائىدىلىرى ۋە ئەركانى ھەققىدە نىسبەتەن تولۇق مەلۇمات بەرگۈچى ئەسەر، ھازىرچە ھەزىنىنىڭ «جەۋاھىرۇل ئەبرارمىن ئەمۋاجىل بىھار» ناملىق رىسالىسىدۇر①.

ھەزىنىي ئەسلى ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ ھىسار ۋىلايىتىدىن بولۇپ، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق مەلۇم ئەمەس. «جەۋاھىرۇل ئەبرار» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ھەزىنىي ئۆزىنىڭ تولۇق نامىنى «سۇلتان ئەھمەد ئىبنى مەۋلانا مەھمۇد ئىبنى سۇلتان ئىبنى ھاجى شاھ ئەل ـ كۆرەشىي سۇمەل ئىسكەندەرىيىۋل ھىسارىي ئەل ماۋەرائۇننەھرىي ئەش شەھىرى بى ھەزىنىي» دەپ قەيت ئەتكەن②. تۈرك ئالىمى م. ف. كۆپرۈلۈنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزىنىي «تۈركىستانلىق تۈركىيلەردىندۇر»③. ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ئالىمىدە ھەزىنىنىڭ «جەۋاھىرۇل ئەبرار» دىن باشقا ئەسەرلىرى بارلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇنى جاھان ئوقۇيۇجىمۇ ئالاھىدە تەكىتلىگەن④. لېكىن «جەۋاھىرۇل ئەبرار» دا ھەزىنىنىڭ شەخسىيىتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەلۇم تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان دەلىل ۋە مەلۇماتلارمۇ يوق ئەمەس. بىرىنچىدىن ھەزىنىي تۈركىي ۋە فارسىينى مۇكەممەل بىلگەن ھەمدە شۇ تىللاردا ئەركىن قەلەم تەۋرەتكەن ئىجادكار بولغان. چۈنكى «جەۋاھىرۇل

---

① بۇ ھەقتە قارالڭ: تۈرك ئالىم م. ف. كۆپرۈلۈ «جەۋاھىرۇل ئەبرار» نى ئىستانبۇلدىكى سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ خالىس ئەپەندى كىتابلىرى بۆلۈمىدىكى قولىيازمىلىرى ئارىسىدىن تاپقان. ھازىر بۇ قولىيازما ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى تۈركىي قولىيازمىلار بۆلۈمىدە 3893 نومۇرى بىلەن ساقلانماقتا. بۇ ئەسەردىن بىرىنچى بولۇپ م. ف. كۆپرۈلۈ 1919 ـ يىلدا يېزىلغان «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار» ئەسىرىدە كەڭ پايدىلانغان. ئۇ مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكىچە باھالايدۇ: «ھىجرىيە 10 ـ ئەسىردە يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ يەسەۋىيلىك ئەدەب ئەركانلىرى ھەققىدە بەرگەن تەپسىلىي مەلۇماتى باشقا مەنبەلەردە مەۋجۇد بولمىغانلىقتىن، ئومۇمىي تەسەۋۋۇپ تارىخى نۇقتىسىدىنمۇ ناھايىتى قىممەتلىكتۇر» (م. ف. كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل، 98 ـ بەت) «جەۋاھىرۇل ئەبرار» پروفېسسور جاھان ئوقۇيۇجىنىڭ قىسقا سۆز بېشى بىلەن 1995 ـ يىل قەيسەرى شەھىرىدە ئاز نۇسخىدا نەشر قىلىنغان. بىز 1197 ـ يىل مانا شۇ نەشرنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇق ۋە مەزكۇر تەتقىقاتىمىزدا شۇ نەشرگە ئاساسلاندۇق. (كېيىنكى ئورۇنلاردا كىتابنىڭ نامى بىلەن سەھىپىسىنى كۆرسىتىمىز ـ نادىرخان ھەسەن).

② «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 3 ـ بەت.

③ م. ف. كۆپرۈلۈ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەسەر، 369 ـ بەت.

④ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 5 ـ بەت.

ئەبرار»نىڭ بىر قىسمى تۈركىي يېزىلغان بولسا، ئىككىنچى قىسمى فارسىيدا پۈتۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرنىڭ نەسىر بىلەن نەزم بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزىلىشى مۇئەللىپنىڭ ئۆزىگە خاس شائىرلىق ماھارىتىدىن دالالەت بېرىدۇ. «جەۋاھىرۇل ئەبرار»دا ئۇ شەيخ سەنئان قىسسەسىنىمۇ شېئىرىي تەرزدە ئەكس ئەتتۈرگەن①. ھەزىنىينىڭ ئۆز ئىقرارىغا كۆرە، ئۇ 12 ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئىلاھىي جەزبىگە بېرىلىپ، مەجنۇنلۇق ھالەتلىرىگە تەسلىم بولۇپ، رەقس ۋە ساما بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ ھال مۇرشىدى سەييىد مەنسۇر بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ②. ھەزىنىي سەييىد مەنسۇرغا قول بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆھبەت ۋە ئىرپانىي تەلقىنلىرى تەسىرىدە نەزم ۋە نەسردە مەناقىبلار ئېيتىشقا باشلايدۇ③. تېخى خەت يېزىشنى بىلمەيدىغان ھەزىنىي مەناقىب ئېيتىش جەريانىدا يېزىقنىمۇ ئۆگىنىپ، ھەتتا «قۇرئانى كەرىم»نى كۆچۈرۈش لاياقىتىگە ئىگە خەتتات دەرىجىسىگە يېتىدۇ④. ھەزىنىينىڭ سەييىد مەنسۇر بىلەن قاچان ئۇچراشقىنى مەلۇم بولمىسىمۇ، 19 يېشىدا ئۇنىڭ خەلىپىسى بولۇش شەرىپىگە يەتكەنلىكىنى تۆۋەندىكى پىكىرلەر تەستىقلايدۇ: «ۋە ئون توققۇز يېشىمدا يەسەۋىيە سىلسىلەسىدە قانۇنى مەشايىخى ئىزام ئۆزرە ئىرشادى كۆللى بەردىلەر. ۋە تاجۇ كەمەرۇ ئەسا ۋە سۇفرەگە ئىزنۇ ئىجازەت ۋە ئىرادى ئەربەئىن ۋە خىلۋەت ۋە ئەۋرادى زاكىرىن ۋە ئىقدى سۆھبەت بۇيرىدىلەر»⑤.

سەييىد مەنسۇرنىڭ مۇرىدى ھەزىنىيگە بولغان مۇھەببىتى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولغانىكەنكى، ھەتتا ئۇنى «مەشۇقۇم» دەپمۇ ئاتىغان ئىكەن⑥.

ھەزىنىي 23 يېشىدا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بەش ئايغىچە ئورنىدىن تۇرالماي قالىدۇ. ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن شۇ دەملەردە مۇرشىدى سەييىد مەنسۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «شۇنى بىلگىنكى، ئۆمرۈڭ نىھايىسىگە يەتتى. ئەمما ھەق تەئالادىن تەقدىرى مۇئەللەق بىلەن يەنە قىرىق يىل ئۆمۈر بېرىشنى تىلىدىم. ساڭا يەنە قىرىق يىل ئۆمۈر ئېھسان قىلىندى» دەيدۇ. شەيختىن ئاڭلىغان بۇ سۆزلەر ھەزىنىينى يەنە ھاياتقا قايتۇرىدۇ. كېيىنچە ئۇ شۇ ۋەقەلەرنى ئەسلەپ، شۇنداق دەيدۇ: «ماختاشلار ئاللاغا خاس، يېشىم 60 دىن ئۆتتى ۋە بۇ ئەزىزنىڭ (سەييىد مەنسۇرنىڭ - مۇئەللىپ) نەپەسىنىڭ بەرىكىتى ئىلە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بەختلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن»⑦. سەييىد مەنسۇر ۋە ھەزىنىي ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە - ھادىسىلەر گەرچە كۆپرەك مەناقىبىي (رىۋايەت) خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇلارغا ئاساسلىنىپ ھەزىنىينىڭ تۇغۇلغان يىلى، ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە تېگىشلىك بەزى تەرەپلەرنى ئېنىقلاش مۇمكىن.

① «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 81 - 83 - بەتلەر.
② «جەۋاھىرۇل ئەبرار» 89 - 90 - بەتلەر.
③ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 91 - بەت.
④ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 109 - بەت.
⑤ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 91 - بەت.
⑥ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 91 - بەت.
⑦ «جەۋاھىرۇل ئەبرار» 208 - بەت.

نەقىل قىلىنىشىچە، سەييىد مەنسۇر ھىساردا بولغان چاغلاردا بىر چۈش كۆرىدۇ ۋە خوجا ئەھمەد يەسەۋىينى زىيارەت قىلىش نىيىتى بىلەن مەركىزىي ئاسىياغا يول ئالىدۇ. زىيارەت كۈنلىرىدە بۈيۈك شەيخ بىلەن روھە ئالەمدە كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن مەنئۇي بۇيرۇق ئېلىپ، كابۇل تەرەپكە ئاتلىنىدۇ. شۇ پەيتلەردە كابۇلدا ياشاپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۇرتى سەمەرقەندنى قولغا كەلتۈرۈشكە نىيەت قىلىپ يۈرگەن ھۇمايۇن مىرزا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھىندىستاننى ئالىدىغانلىقى بىلەن تەبرىكلەيدۇ ۋە زەپەر بايرىقىنى تاپشۇرىدۇ. ھۇمايۇن ۋە ھىندال مىرزىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىنى قازانغان[1] سەييىد مەنسۇر ئاخىرقى سەپىرى ـــ ھەجگە ئاتلىنىدۇ.

ھەزىنىي ئەسىرىنىڭ بېشىدىكى شېئىرىي ئېتىراپىغا كۆرە، شەيخ ئۆز مەقستىگە يېتەلمەي يولدا ۋاپات بولىدۇ: «مەدىنە ۋە مەككىگە بېرىشنى كۆڭلىگە تۈگۈپ قويغانىدى، ئەمما قارا ئەھمەد (دىيارىبەكىر) گە قەدەر بارالىدى. سەييىد مەنسۇر بەلخ ۋە ھىساردىن قارائەھمەدكە سۆيۈنۈش بىلەن كېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە دۇنيادىن كۆز يۇمدى»[2].

ھەزىنى «شاھى قۇبان» ئىبارىسىدە شەيخنىڭ ۋاپات تارىخى يوشۇرۇنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ 95 ياشتا ئۆلگەنلىكىنى قەيد قىلىدۇ. بۇ سەييىد مەنسۇرنى 1465 ـ 1466 ـ يىللاردا تۇغۇلغان، دېيىشكە ئاساس بېرىدۇ.

ھەزىنىي ئۆزىنىڭ ۋە شەيخنىڭ سىلسىلەسىنى يازىدۇ. ئۇنىڭدا يېزىلغانىغا ئاساسلانغاندا، سەييىد مەنسۇر زەڭگى ئاتا سىلسىلەسىدىن سۇلايمان غەزنەۋىيگە مەنسۇبتۇر. ھەزىنىي بولسا بۇ سىلسىلىدە ھەم سەييىد مەنسۇرغا ھەمدە غەزنەۋىينىڭ باشقا خەلىپىسى خۇدايداد تارمىقىدىن كەلگەن شەيخ ئەمىنگە مەنسۇبتۇر.

تەخمىنىمىزگە كۆرە، ئۇستازى ۋاپات بولغان يىلى ھەزىنىي 25 ياشلاردا بولۇپ، ھىساردا ياشىغان. بىز ئۈچۈن مۇھىم بىر مەلۇمات يەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سەييىد مەنسۇر ۋاپاتىدىن ئالدىن: «يەتتە يىلدىن كېيىن ھىساردىن بۇ يەرلەرگە ئائىلە بىلەن كېلىدىغان بىر دەرۋىش باركى، بىزنىڭ يولىمىزنى خەلق ئۇ ئارقىلىق تونۇيدۇ. . .» دەيدۇ[3]. دەرھەقىقەت، بۇ بېشارەت ئەمەلگە ئېشىپ، ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندە، تەخمىنەن 1564 ـ 1565 ـ يىللىرى ھەزىنىي ۋەتىنىنى تەرك ئېلەپ، مەدىنىگە يول ئالىدۇ. 1566 ـ يىلدىن كېيىن، پادىشاھ سۇلتان سەلىم دەۋرىدە، ئوسمانلى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلغا كېلىپ جايلىشىدۇ. سۇلتان سەلىمنىڭ ياردىمى بىلەن مەككىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە مۇشەررەپ بولىدۇ. 1574 ـ يىلى سۇلتان مۇرادخان تەختكە ئولتۇرىدۇ. ھەزىنىي بۇ ھۆكۈمدارنىڭمۇ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە 1593 ـ يىلى يېزىلغان «جەۋاھىرۇل ئەبرار» ئەسىرىنى ئەنە شۇ ھۆكۈمدارغا تەقدىم قىلىدۇ. چۈنكى ئەسەر سۇلتان مۇرادخاننىڭ پەرمانى بىلەن يېزىلغان

---

① كۆپرۈلۈ «جەۋاھىرۇل ئەبرار» دىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ھىندال مىرزا كابۇلدا سەييىد مەنسۇر بىلەن خېلى ۋاقىت سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇرىد بولىدۇ. (م. ف. كۆپرۈلۈ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەسەر، 42 ـ بەت).

② «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 189 ـ بەت.

③ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 190 ـ بەت.

گىدى. بۇنى ھەزىنىينىڭ ئۆزى ئېتىراپ قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

ئەمرۇ فەرمان مۇجىمىنچە بۇ كىتاب،
يازىلىۇر ۋەللاھى ئەئەم بىسسەۋاب①.

ھەزىنىي «جەۋاھىرۇل ئەبرار» نى يېزىپ تۈگەتكەندە 60 ياشتىن ئاشقانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەزكۇر كىتابتىن ئورۇن ئالغان بىر بېيىتتىمۇ ئۇ:

ئاتمىش يىل زىكر ئىلە ئاھ ئەيلەدىم،
تا كۆڭۈل دىلدارگە ئاگاھ ئەيلەدىم②.

يەنى، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئاتمىش يىل زىكر بىلەن ئاھ ئەيلەپ، دىلىمنى ئاللاھقا ئاگاھ ئەيلەشكە ئىنتىلدىم، دەيدۇ. دېمەك، بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەزىنىي تەخمىنەن ھىجرىيە تەخمىنەن 939 ـ 941 ـ يىللار (مىلادىيە 1532 ـ 1534 ـ يىللار) ئەتراپىدا تۇغۇلغان، دېيىش مۇمكىن.

«جەۋاھىرۇل ئەبرار» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى، «چىرايلىق سۇلۇس خېتى بىلەن مەھمۇد ئىبنى ھەسەن ئىبنى شەيخۇن نەقشبەندىي تەرىپىدىن ھىجرىيە 1002 ـ (مىلادىيە 1593 ـ) يىلى كۆچۈرۈلگەن»③. جەھان ئوقۇيۇجىنىڭ ئېيتىشىچە، قولىيازمىنىڭ تىرندىن ئىشلەنگەن مۇقاۋىسىنى كېيىنچە قۇرت يېگەن ۋە يوقىلىش خەۋپى تۇغۇلغان. ئەسەر خېلى ئېغىر تىلدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەزەربەيجان ۋە ئوسمانلىچە، فارسچە ۋە ئەرەبىي سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ④.

كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ:

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم،
زاتى سىفەت ئىلە ئەزىمۇ قەدىم⑤.

بېيىتى بىلەن باشلىنىدۇ.

«جەۋاھىرۇل ئەبرار» نىڭ دەسلەپكى قىسمى (3 ـــ 75 ـ بەتلەر) ئاساسەن خوجا ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ھاياتى، كەشپۇ كارامەتلىرى، شەيخلىق دەرىجىسى تەلقىنلىرىگە بېغىشلانغان. ھەزىنىي يەسەۋىينىڭ بۈيۈك مۇرشىد ئىكەنلىكىنى شۇنداق تەرىپلەيدۇ:

---

① «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 14 ـ بەت.

② «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 57 ـ بەت.

③ م. ف. كۆپرۈلۈ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەسەر، 369 ـ بەت.

④ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 1 ـ بەت.

⑤ «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 1 ـ بەت.

بولدى مەشھۇر ئۇل شەيخى ئەلەۋىي
غەربۇ شەرق ئىچرە ئەھمەد يەسەۋىي...
قۇتبى ئەرەب پىرى ئەجەم شەيخى تۈرك،
مۇرشىدى ئافاقۇ ئەزىزۇ بۇزرۇك.
ئەررەكەشۇ نامۋارى شەيخۇ شاب،
زەررەۋەشى ئەترافىدا ئافتاب.
سىلسىلەسىدە ئۇزەما بەندەسى،
شاھسۇۋاران بەراھ ئەفكەندەسى①.

ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە قىممەتلىك تەرەپلىرىدىن بىرى شۇكى، مۇئەللىپ ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەرنىڭ بىرقاتار ناھايىتىمۇ مۇھىم مەسىلىلىرىگە دائىر ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئۆز پىكىر مۇلاھىزىلىرىنى كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، قەلبنىڭ نۇرلىنىش ھەققىدە يەسەۋىي تىلىدىن شۇنداق سۆزلەرنى ئوقۇش مۇمكىن: «... خوجا ئەھمەدۇل يەسەۋىي قۇددىسە سىررۇھۇل ئەزىز ئەيتۇركى: ... ۋۇزۇئۇ تامۇ تەھارىتى تامام بولسا، كۆڭۈل ۋە باتىن سارايىندا نۇرۇللاھ كىرەر ۋە مۇشاھەدەتۇللاھ ھەزارەتى خەمسە رۇئىيەتىگە قابىلۇ مۇستەھەق بولۇر»②.

«جەۋاھىرۇل ئەبرار»نىڭ بىر قىسمىدا يەسەۋىي شەيخلىرىنىڭ ھاياتى، مۇرىدلىرىغا مۇناسىۋىتى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرى كەلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇندىن كېيىنكى سەھىپىلەردە فەقرۇ فەنا، زىكىر، خىلۋەت، سەما، يەسەۋىيلىك تەرىقىتىنىڭ ئەدەب ـ ئەركانى، ئەھكامى ۋە مەقاملىرى يورۇتۇلغان.

زەكى ۋەلىدى توغان «يەسەۋىيلىككە دائىر بەزى يېڭى مەلۇمات» ناملىق ماقالىسىدە «يەسەۋىيلىك تارىخى ئۈچۈن ھەزىنىي ئەسىرىدىنمۇ مۇھىم بىر مەنبە» مەۋجۇدلۇقى توغرىسىدا گەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇ كىتاب فەرغانىلىق سەيىد ئەھمەد ناسىرىددىن ئەل ـ مەرغىنانىينىڭ ھىجرىيە 1229 ـ (مىلادى 1814 ـ) يىلىدا يېزىلغان «تارىخى مەشايىخت تۈرك» كىتابىدۇر. بۇ ئەسەر 1932 ـ يىلىغا قەدەر تۈركىيىدىكى ئىستانبۇل بايەزىد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇبخانىسىدا ساقلانغان ئىكەن③. بىز بۇ كىتابنى كۆرمىگىنىمىز ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كەسكىن بىر پىكىر بىلدۈرەلمەيمىز. ئەمما شۇ نەرسىگە ئىشەنچىمىز كامىلكى، «جەۋاھىرۇل ئەبرار»دىن تۆپتوغرا ئۈچ ئەسىر كېيىن يېزىلغان ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەزىنىينىڭ كىتابىدىن ئۈستۈن بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. «جەۋاھىرۇل ئەبرار»نى ھەر تەرەپلىمە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بولسا يەسەۋىيلىكى تەرىقىتى ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە يورۇتۇشقا خىزمەت قىلىشى شۈبھىسىزدۇر.

(«ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھۆرمەتجان فىكرەت)

---

① «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 36 ـ، 37 ـ بەتلەر.
② «جەۋاھىرۇل ئەبرار»، 6 ـ بەت.
③ «م. ف. كۆپرۈلۈ تەۋەللۇدىنىڭ 60 يىللىقىغا ئارمۇغان»، توپلام، ئىستانبۇل، 1963 ـ يىل، 523 ـ بەت.

# ئۇيغۇرلاردا ئوقياچىلىق مەدەنىيىتى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

## مۇقەددىمە

ئوقيا — يىراق تاش قوراللار دەۋرى ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان، تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئىشلىتىلىشكە قولاي ۋە ئاڭ ئۇنۇمدارلىقتا ئىگە ئىشلەپچىقىرىش ھەم جەڭ قورالى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنى جاھالەت دەۋرىدە مەدەنىيەت باسقۇچىغا ئېلىپ كىرگەن غايەت زور ماددىي ۋاستىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا تارىختا «ئوقياچى مىللەت» دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىز خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين «ئۇيغۇرلار ئوقيانى ئالدىغا قانداق ئاتسا، ئارقىسىغىمۇ شۇنداق ئاتىدىكەن» دەپ ھەيران قالغاندەك، مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا ئوقيالىرى بىلەن مىسران قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئوقيالىرىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى رەقىبلىرىگە تونۇتۇپ دەۋران سۈرۈپ كەلگەنىدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئەنە شۇنداق ئوقياچى ئەجدادلىرىنىڭ ئېرسىي گېنىنى تومۇرلىرىدا ھەم ۋۇجۇدىدا ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى تاكى يېقىنقى يىللارغىچە ئەجدادلىرىدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغان بۇ ئوقياچىلىق ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دەۋر، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەر خىل زامانىۋى مىلتىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە ئوقياچىلىق پەقەت مىللىي تەنتەربىيىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدىلا ساقلىنىپ قالدى، خالاس.

ئەمما، ئۇزاق تارىختا ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقياچىلىق مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى كىشىلىرىمىزنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، مەرگەن ئوۋچى بوۋىلىرىمىز سىيماسى ئۇنتۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلمىدى. تېخى ھازىرغىچە ئاق ھالدا تۇرۇپ قېلىۋاتقان بۇ مۇھىم تەتقىقات تېمىسىنى پەقەت چەت ئەل مۇئەللىپلىرىنىڭ ياكى ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى ئۆز تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنلا تەلتۆكۈس يورۇتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. يەنە كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك، ئېتنولوگىيىلىك ۋە فولكلورلۇق ئوبيېكتلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي ھايات ئۇزاق داۋام ئەتكەن غار — ئۆڭكۈر سىزمىلىرىدا، قىيا تاش رەسىملىرىدە، ئىپتىدائىي قەبرە — يادىكارلىقلار بىلەن قەدىمكى شەھەر — قەلئە خارابىلىرىدا، ھەيكەل — قورچاق، بالباللاردا ۋە مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئوقياچىلىق ئىزنالىرى ئەنە شۇ مەرگەن ئەجدادلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قالدۇرۇپ كەتكەن بىردىنبىر نەق ماددىي يادىكارلىق نەمۇنىلىرىگە

ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخ ئېھتىمال زامان چاڭ - توزانلىرىدىن ئېشىپ قالغان ۋە قىسمەن بولسىمۇ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ئوقياچىلىق يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش بۇرچىنى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى خەلقنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا نېسىپ قىلغان بولسا كېرەك.

بۈگۈنكى زامانىمىزنىڭ ئۇچۇر - ئىنفورماتسىيە دەۋرىگە قاراپ تېز سۈرئەتتە كىرىپ بېرىشى بىلەن تارىخىي تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئىلگىرىكى بىر تالاي قۇرۇق گەپ ۋە ھېكايە - چۆچەكتەك بايان قىلىشتەك تۇترۇقسىز، جانسىز ۋە ئەۋرىشىم ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، ئارخېئولوگىيىلىك نەق ماددىي يادىكارلىقلاردىن دەلىل - ئىسپاتلار كۆرسىتىش ئارقىلىق تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز سىگنالى، ئۆز تامغىسى، ئۆز ئىزناسى، ئۆز ئۇچۇرى، ئۆز قىياپىتى ۋە ئۆز يادىكارلىقى بويىچە ئىزاھلاشتەك يېڭىچە بايان شەكلىگە يۈتكىشى مۇقەررەر. بۇ خىل يېڭىچە تەتقىقات ئۇسۇلى تارىختىن سۆزلەيدىغان ۋە ئۆزى سۆزلىگەن تارىخنىڭ ماددىي يادىكارلىقلىرىنى ئۆزى پەرق ئېتەلمەيدىغان تارىخ تەتقىقاتىدىكى مەدرىسەۋازلىق ئىستىلىنى ئاياغلاشتۇرغۇسى.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوقياچىلىق مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە ئوخشاش بىر ەر فولكلورلۇق، ئېتنولوگىيىلىك خاسلىقتا ئىگە مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ تارىخنى ھەممىدىن ئىلگىرى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقان خەلقنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى، تارىخىي چۆكمىلىرى، تارىخىي ئۇچۇرلىرىغا ئوخشاش نەق ماددىي يادىكارلىقلىرىدىن دەلىل - ئىسپاتلار كۆرسىتىپ بايان قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇنداق تارىخىي ئۇچۇرلار ئۆزى ياراتقان خەلقنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىدەك ئىزچىللىقتا، سىستېمىلىقتا، مەنتىقىلىقتا ۋە ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولىدۇ. مۇنداق ئارخېئولوگىيىلىك نەق ماددىي يادىكارلىق ئۇچۇرلىرى، يەنى ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ بىۋاسىتە، بىرىنچى قول، نەق - ئەمەلىي ۋە كونكرېت تامغا - ئىزنا، بەلگە چۆكمىلىرى ھەرقانداق تارىخچىنىڭ، بولۇپمۇ ئوردا - قەسىر تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخىدىن چىن، ھەقىقىي ئۆلمەس تارىخ بولۇپ قالىدۇ.

## 1. ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنىشى

مەلۇمكى، سۆيۈملۈك ئانا دىيارىمىز - قەدىمكى غەربىي يۇرت ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەركىزى ھەم مۇھىم مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى. بۇ يەر ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق بولغان ئوتتۇرا بەلبېغىغا جايلاشقان، ئەتراپى ئاسىيادىكى ئەزىم تاغلار - ئالتاي، تىيانشان، پامىر، قۇرۇم - قاراقۇرۇم، ئالتۇن تاغلىرى بىلەن ئورالغان، باغرىنى ھارارەتلىك تەكلىماكان چۆللۈكى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونى نەچچە ئون مىڭ يىللىق ئىپتىدائىي ھايات مېلودىيىسى بىلەن تارىخقا كىرىپ كەلگەن. غەربىي يۇرت ئاھالىسىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى بۇ جايدا ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان توپ - پادىلىق، ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق، نادانلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇزاق داۋام قىلغان تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئوقيا قاتارلىق ھەر خىل قورال - سايمانلارنى ئىختىرا قىلىپ پايدىلانغان. بۇنى يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرى داۋاملىق دەلىللەپ كەلدى.

ئوۋچىلىق - ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن شۇغۇللانغان ئەمگەك پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ھەم جاپالىق ئەمگەك. خۇددى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا، قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاھالىسىنىڭ

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تەھدىتىگە، ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ، ناھايىتى قىيىن شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. كېيىنچە ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ بىرلىشىپ تاياق ـ توقماقلار بىلەن مۇداپىئەلىنىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىكى ئەنە شۇنداق ياشاش ئېستىكى ۋە مەجبۇرىيىتى خىلمۇخىل قوراللارنى ئىختىرا قىلىپ پايدىلىنىشقا تۈرتكە بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، ھاياتنى ساقلاش ۋە ئىپتىدائىي ھاياتلىق ئۈچۈن ئوزۇقلىنىش ئەڭ مۇھىم ئىدى. مۇشۇ ئەقەللىي ئېھتىياج تۈپەيلى ئەجدادلار ئەڭ دەسلەپ تاش توقماقلار بىلەن ئوۋ قىلغان. يالمان، نەيزە، كالتەك، توقماقلاردىن كېيىن ئوقيا مەيدانغا كەلگەن. ئوقيانىڭ ئاپىرىدە بولۇشى بىر كاتتا ئىختىرا بولۇپ، ئۇ ئوۋچىلىق ئىشلىرىنى ھەل قىلغۇچ قورال بىلەن تەمىن ئەتكەن. خۇددى مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە يازغاندەك: «ئوقيا — ۋارۋارلىق باسقۇچىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىختىرا قىلىنغان. شۇڭا بىز ئوقيانى ۋارۋارلىق جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى قىلىمىز»①.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا بايقالغان 20 مىڭ يىللىق②، 15 ـ 10 مىڭ يىللىق تارىختا③ ئىگە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن غار ـ ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش رەسىملىرىگە قارىغاندا، شۇ زامانلاردا دىيارىمىزدا تىرىكچىلىك قىلغان ئەجدادلار دەسلەپتە تاش قوراللار، كالتەك ـ توقماقلار بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارا، نەيزە ۋە سانجىغۇچ قوراللار بىلەن، ئاخىرىدا ئاددىي ئوقيا بىلەن ئوۋ قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. مۇنداق ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتىدىكى خەلقلەردە ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن غار ـ ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش رەسىملىرىگە قارىغاندا، شۇ زامانلاردا دىيارىمىزدا تىرىكچىلىك قىلغان ئەجدادلار دەسلەپتە تاش قوراللار، كالتەك ـ توقماقلار بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارا، نەيزە ۋە سانجىغۇچ قوراللار بىلەن، ئاخىرىدا ئاددىي ئوقيا بىلەن ئوۋ قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. مۇنداق ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتىدىكى خەلقلەردە ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى مورگان ئېيتقاندەك: «ئوقيا — قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن مۇقەررەر كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. خۇددى تۆمۈر قىلىچ ـ نەيزىلەر ياۋايىلىق باسقۇچىغا، مىلتىق مەدەنىيەت دەۋرىگە تەسىر كۆرسەتكەندەك، ئوقيامۇ ۋارۋارلىق دەۋرىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى»④. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى كۆپ تەتقىق قىلغان ئۇلۇغ ئۇستاز ئېنگېلسنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «خۇددى ياۋايىلىق دەۋرىدىكى قىلىچنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىدىكى ئوت ئالغۇچ قوراللارنىڭ رولىغا ئوخشاشلا، ئوقيامۇ جاھالەت دەۋرىدىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا ئىگە قورال بولۇپ قالغان»⑤.

ئوقيانىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ھەم جان ساقلىشىنى مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلغان. لېكىن شۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، ئوقيانىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاساددىپىي ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقتە مورگان مۇنداق يازىدۇ: «ئوقيادا گەۋدىلىنىدىغان ھەر خىل ئالامەتلەر ئوبدان ماسلىشىدۇ. ۋارۋارلار ئۇچۇن ئېيتقاندا بىرقانچە خىل ياغاچلارنىڭ ئېلاستىكلىقىنىڭ ئېگىلىنىشى ۋە چىڭلىقىنى بايقاش، ھايۋان سىڭىرىنىڭ ياكى ئۆسۈملۈك تالالىرىنىڭ ئوقياغا باغلانغان چاغدىكى كېرىلىش كۈچىنى

www.uyghurkitap.com

چوُشىنىش، ئاخىرىدا ئوُنىڭ ئوُستىدىكى ئىتتىرگوُچى كوُچ بىلەن ئادەمنىڭ جىسمانىي كوُچىنى قانداق بىرلەشتوُرگەندە ئوقيانىڭ ئېتىلىشىنى ئويلاپ يېتىشىنىڭ ھەنىۋاسى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ۋارۋارلار دەسلەپتە ئوقيانى ئىختىرا قىلغاندا ۋارۋارلىق ھالەتتە تازا راۋاج تاپقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدوُ»⑥.

ۋارۋارلىق دەۋرىدىكى ئەجدادلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوُلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوقيالىرىغا لازىم بولىدىغىنى پەقەت «ياغاچ» ۋە «ئوۋسوُملوُك تالالىرى» لا ئەمەس، بەلكى ئوقتا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياغاچ ۋە ئوق ئوُچىنىڭ ياسىلىشى ھەم ئوُنىڭ نىشانغا ئوُدوُل مېڭىشى ئوُچوُن لازىم بولغان بىرقاتار تېخنىكىلىق ئىشلارمۇ ئىنتايىن ئىنچىكە بولوُپ، بوُ ھەقتە تېخى ۋارۋارلىق ھاياتىدىكى ئەجدادلىرىمىز نەچچە يوُز، ھەتتا نەچچە مىڭ قېتىملاپ سىناق ھەم ئىسلاھاتلار ئېلىپ بارغانلىقى، ئوقيانى دەل تېگىدىغان رەسمىي «قورال» ھالىتىگە كەلتوُرگىچە نەچچە يوُز يىللاپ جىسمانىي كوُچ، ئەقلىي تەپەككوُر سەرپ قىلغانلىقى ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئوُچوُن ھەيران قالارلىق ئىش بولمىسا كېرەك.

ھازىرغىچە ئوقيانىڭ پەيدا بولغان يىل دەۋرى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئېنىق يەكوُن چىقىرىلمىدى. مورگاننىڭ قارىشى بويىچە: «ئىنسانىيەت يەر شارىدا ياشىغان ۋاقىتنى 100 مىڭ يىل دەپ پەرەز قىلساق، بىز ھامان كەم دېگەندە 60 مىڭ يىلنىڭ ۋارۋارلىق باسقوُچىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كوۆرىمىز. قالغان ۋاقىتتىن 20 مىڭ يىلنى ياۋايىلىق باسقوُچىغا ئايرىپ بېرىشكە بولىدوُ. ياۋايىلىق باسقوُچىنىڭ ئوتتوُرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىگە 15 مىڭ يىل قالىدوُ. مەدەنىيەت باسقوُچى ئوُچوُن 5000 يىل ۋاقىت قالىدوُ.»⑦ خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان «گېئولوگىيىلىك دەۋر جەدۋىلى» دە، ئىنسانىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئوُچ مىليون يىلدىن بىر مىليون يىلغىچە⑧، دەپ كوۆرسىتىلىدوُ. موُشوُ جەدۋەل بويىچە بولغاندا، ئوقيانىڭ ئىختىرا قىلىنغىنىغا كەم دېگەندىمۇ 200 مىڭ يىلدىن 600 مىڭ يىلچە ۋاقىت بولدى⑨. ئەمما دوُنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا توپ – پادا ھالەتتە ياشىغان ۋارۋارلىق ھاياتىدىكى كىشىلەرنىڭ توُرموُش ئوُسوُلى ئوخشىمىغاچقا، ئوقيا ئىشلەتكەن ۋاقىتمۇ ئوخشاش بولمىسا كېرەك.

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، دىيارىمىزدا ئەڭ ئىپتىدائىي ئوقيالار ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئادەملەر توپى تېخى ئوُروُقداشلىق جامائە توُزوُمىگە ئوۆتمىگەن، ۋارۋارلىق، نادانلىق ۋە توپ – پادا سوُپىتىدە ياشىماقتا ئىدى. ئوُلار دەسلىپىدە تەييار مېۋىلەرنى يىغىپ يېيىشكەن، ئوۆسوُملوُكلەر، بېلىقلار ۋە ھايۋانلارغا تايىنىپ ياشىغانىدى. ئوُلار پەيدىنپەي تەييار تاش قورالغا تايىنىشتىن چاقما تاش قورالى ياساشقا ئوۆتكەندە ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پارلاق ئىشىكىنى ئاچتى. مىتال كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەڭ كوُچلوُك جىسىم بولغان تاش ئەمدى بارا – بارا ئىنسان ئېھتىياجى ۋە ئىرادىسىگە بېقىپ سىپتا قىلىنىپ پىششىقلاپ ياسالدى. تاشنى قىرىش – ئويوُش، تېشىش ئەينى زاماندىكى توُنجى «سانائەت ئىنقىلابى» بولدى. تاش ئوتىغوُچ، تاش پالتا، تاش نەيزە ۋە تاش ئوق ئوُچى قاتارلىقلار بوُ دەۋرنىڭ كاتتا ئىختىرالىرى بولدى. بولوُپموُ تاش ئوقيا ئوُچلىرى تەرەققىي قىلىپ ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتىدا زور تارىخىي خاراكتېرلىك بوُروُلوُش ھاسىل قىلغانىدى⑩.

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كەلگەندە تاش، سوۆڭەك – ياغاچ ۋە تېرە قوراللار زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى. شوُ قاتاردا ئوقيا ئوُچلىرى ئوۆتكوُر تاش، سوۆڭەك ۋە ياغاچلار بىلەن

ياسىلىپ، ئوقيانىڭ ئۆزىدىكى ئۈنۈمدارلىقى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدى. بۇنداق ئوقيالارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى مەرگەن - ئوۋچىلارنىڭ يەككە پائالىيىتىگە مۇمكىنچىلىك يارىتىپ بەردى. ئىت ۋە ئوق قۇشلىرى ئۇنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە كۆندۈرۈلدى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يىراق قەدىمكى تارىخىدىن قارىغاندا، جاھالەت دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ۋە مەدەنىيەت دەۋرى ئىنسانلارنىڭ ئوقيانى كەشىپ قىلىشى بىلەن باشلانغان. ئىپتىدائىي قوۋملەر ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان دەسلەپكى ئاددىي تاش ئوقيالارنى ئىلگىرى پەقەت تۇرلۇك يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىش ياكى ئوۋ ئوۋلاپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئېھتىياجى بىلەن ئىشلەتكەن بولسا، كېيىنچە ئۇنى باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىمۇ كەڭ قوللانغان. چۈنكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى نوقۇل ئوۋچىلىقتىن ھالقىپ كۆپ خىللىققا يۈزلەندى. بازارلارنىڭ شەكىللىنىشى، سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن جەمئىيەتتە تۈرلۈك ئىنسانلار توپى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ يۈز بېرىشى سەۋەبلىك ئوقيادىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قورال تەدرىجىي ھالدا ئىنسانلارنىڭ ھايات - ماماتى، غالىبىيەت - مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، غالىبلارنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى.

## 2. دىيارىمىز قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوقياغا دائىر مەلۇماتلار

مەلۇمكى، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمكى ئوقيالارغا دائىر ئوبرازلىق تەسۋىرىي مەلۇماتلار پەقەت مىلادىيىدىن 80000—15000 يىللار ئىلگىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى قىيا تاشلارغا ۋە تەبىئىي غار - ئۆڭكۈر تاشلىرىغا بوياق بىلەن سىزىلغان ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق رەسىملىرىدىن تېپىلىدۇ.

دىيارىمىز قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. قەدىمكى دىيارىمىز ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى ئەينى دەۋردىكى پادىلىق، ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق ھەم ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئوبرازلىق تارىخىنى تاكى يېزىق ئىختىرا قىلىنغىچە بولغان تولىمۇ ئۇزاق نادانلىق، ياۋايىلىق دەۋرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقادى ۋە تۈرلۈك بەدىئىي سەنئەت ۋاسىتىلىرى بىلەن كونا - يېڭى تاش قورال دەۋرى، بىرونزا قوراللىرى دەۋرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى قاتارلىق يادىكارلىقلىرىغا سىزىپ قالدۇرغان. يېزىق تارىخىدىن تولىمۇ ئۇزاق بولغان بۇ تارىخ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، ئىپادىلىگەن دائىرىسى جەھەتتە يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ خىلمۇخىل بولغان. ھازىرقى كىشىلىرىمىز ئۈچۈن تېخى سىرلىق ياكى يېرىم سىرلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىپتىدائىي ئىزنا - يادىكارلىقلار ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەجدادلار تارىخىنىڭ، جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئوقياچىلىق تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىنفورماتسىيە ئۈچۈرى ھېسابلىنىدۇ[11].

ئەلۋەتتە، ئانا دىيارىمىز قەدىمكى غەربىي يۇرتتەك بۇ كەڭ زېمىن كۆكسىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ تەسۋىرى يالدامىلىرى بىزگە تېخى ئۆزىنىڭ روشەن ۋە مۇكەممەل قىياپىتىنى ئاشكارىلىغىنى يوق. ئۇنىڭ بىر قىسمى تارىخ ئۈچقۇنلىرىدا مەڭگۈلۈك يوقالغان. شۇنداقتىمۇ 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان ۋە ناگان - ناگاندا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com



ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بۇ كەلكىزىمىندىكى ئىپتىدائىي ئىنسان ئوۋچىلىق ھاياتىنىڭ بىرقەدەر ئومۇمىي مەنزىرىسىنى قىياس قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدىكى 42 ناھىيە تەۋەسىدىكى 64 ئورۇندا قىيا تاش رەسىملىرى بايقالغان بولۇپ، ئۇلار نەچچە ئون مىڭ يىلدىن نەچچە مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى، ئېتىقادى ۋە سەنئىتىنى ئەينى ئوبرازى بويىچە ساقلاپ قالغان. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى گەرچە ئوۋچىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەينى زامان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەتلەشكەن ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ ئوقياچىلىق مەدەنىيىتىنى بىزگە ئەينەن يەتكۈزۈشتە ھەرقانداق يازما مەنبەدىن مىسلىسىز رەڭدار ۋە كونكرېت ئەۋزەللىكنى ساقلىغان تارىخنامىدۇر.

مەلۇمكى، دىيارىمىز ئاھالىلىرىنىڭ ياۋايىلىق، توپ - پادىلىق، ۋارۋارلىق، نادانلىق ۋە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتىدىكى ئەجدادلىرى جاھالەت دەۋرىدىكى ھايۋانات دۇنياسى بىلەن بولغان كۈرەشلىرىدە ئۆز غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۆزىنىڭ ھايۋانلاردىن ئۈستۈنلۈكىنى ھېس قىلىشقا ۋە ئۇنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەشكە قىزىققان ھەمدە ئۇنى ئېگىز قىيا تاشلارغا ئەينەن سىزىپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. بۇنداق رەسىملەر دەسلەپىدە ناھايىتى ئاددىي يالاڭ سىزىقلار بىلەن، كېيىنچە قېلىن ۋە سوس سىزىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن رەڭ بىلەن سىزىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ئوقيا تۇتقان مەرگەن سۈپىتىدە ئوۋ نىشانى بولغان ھايۋانلارنىڭ جىددىيلىك پەيتىدىكى كۆرۈنۈشنى سىزىش ئارقىلىق ئوۋ غەلىبىلىرىنى خاتىرىلىگەن. مەرگەنلەر ئوقيالىرىنى ھايۋانلارغا قارىتىپ قارىغا ئېلىۋاتقان، بۇغا - ئارقار، كىيىك، جەرەنلەر قېچىۋاتقان قىياپەتتە، يولۋاس، شىرلار خىرىس قىلىش قىياپىتىدە، ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىش قىياپىتىدە سىزىلغان.

ئەجدادلار ئوقيانى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدىغان ھالەتكە كەلگەندە ئوۋچىلىق غەلىبىلىرىنى تېخىمۇ ئىلاھلاشتۇرۇپ باردى. ئىلاھىي كۆزقاراشلار ئېستېتىك تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى مۇرەككەپلىشىش جەريانىنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە ئوقيالارغا، ئۆز بەدەنلىرىگە ھايۋان رەسىمىنى سىزىش، ھەتتا ئۇرۇق ۋە جامىئەلەر ئۆزلىرىگە ھايۋان نامىدا «تۆتېم» بەلگىلىرى قويۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىشكە باشلىندى. كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئوقيانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ ھايۋانات ئوبرازى چوقۇنۇش - تېۋىنىش يۈكسەك ئورنىدىن قالدى. بۇ چاغدا خېلى مۇستەھكەم ئادەتكە ئايلانغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت - نەزەرى ئادەمنىڭ ئۆزىگە، ئادەم ئوبرازىغا قارىتىشقا باشلىدى. نەتىجىدە قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەم ئوبرازى كۆپىيىپ، ھايۋان ئوبرازى ئازىيىپ باردى. ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋرنىڭ مەرگەنلىرى ياساپ ئىشلەتكەن ئوقيالار مۇستەھكەم ئېلاستىكىلىق كۈچلۈك ياغاچلاردىن، پىششىقلانغان تاسما - سىڭىرلاردىن ئىشلەنگەن كىرىچلەردىن، ئوق ئۇچلىرى بولسا مېتاللاردىن قىلىنغان بولۇپ، مۇساپىسى ئۇزاردى، دەل تېگىش ئۈنۈمدارلىقى ئاشۇرۇلدى، ھەتتا زەھەرلىك ئوقلار بىلەن پىرقىراپ چۆرگىلەپ ماڭىدىغان ئۇچقۇر ئوقيالارمۇ مەيدانغا كەلگەنىدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، دىيارىمىزدىن بايقالغان نەچچە مىڭ پارچە قىيا تاش رەسىملىرىدە ئوقيا بىلەن قوراللانغان مەرگەنلەر ئوبرازى ناھايىتى ئەينەن ئەكس ئەتكەن. ھەتتا بەزى رەسىملەردىكى ئادەملەر ناھايىتى ساددا، ئوۋ تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەن ئوقيالىرى

ناھايىتى ئاددىي، قەدىمكى شەكىلدە، بۇ ئادەملەر تېخى ئىشتان كىيمىگەن، بەزىلىرى يىرتىق تېرە كىيىم كىيگەن، قايىم بولغان ئۈزۈن زەكەرلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئەڭ ئىپتىدائىي ئوقيالار بىلەن قورقۇنچ - ساراسىم ئىلكىدە ئوۋ قىلىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

تۆۋەندە بۇنداق ئوقيالىق مەرگەنلەر رەسىملىرىدىن ئەينەن ئوبرازلىق پاكىت - ئىسپاتلار كۆرسىتىشنى زۆرۈر، دەپ قارايمەن:

**1) ساۋۇرتاغ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوقيالىق مەرگەنلەر كۆرۈنۈشى**

ساۋۇر تېغىنىڭ جىمنەي ناھىيىسىدىكى قىسمىغا، يەنى شالشىغاي يېزىسى تەۋەسىدىكى بىر قىيا تاشقا ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇن رەسىملەر سىزىلغان. بۇنىڭدىكى ئوۋچى مەرگەنلەر ئوبرازى ناھايىتى ئىپتىدائىي قىياپەتلەردە بولۇپ، ئاددىي شەكىلدىكى ئوقيالىرىنى ئالدىدىكى ئوۋ نىشانى بولغان ئۈزۈن مۈڭگۈزلۈك تاغ تېكىسىگە تەڭلەپ، قارىغا ئېلىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئاددىي ئوقيالار بىلەن قوراللانغان مەرگەنلەر تېخى كىيىم كىيمىگەن، ئۈزۈن، توم زەكەرلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بولۇپ، جاھالەت دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي ساددا ئادەملەرنى ئەسلىتىدۇ (1 - رەسىمگە قاراڭ).

**2) ئاراتۈرك قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوقيالىق مەرگەنلەر كۆرۈنۈشى**

ئاراتۈرك ناھىيىسىنىڭ نوم، تۇزكۆل، توخولو يېزىسى تەۋەسىدىكى قىيا تاشلارغا ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇن رەسىملەر سىزىلغان. بۇ رەسىملەردىكى ئاددىي ئوقيا بىلەن قوراللانغان مەرگەنلەر كۆز ئالدىدىكى ئوۋ نىشانى بولغان بۇغا، جەرەن، ئارقار قاتارلىقلارغا ئوقيا تەڭلەپ، ئۇلارنى ئاتماقچى بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق سۈرەتلەنگەن. ئوقيالار ناھايىتى قەدىمكى ۋە ئىپتىدائىي شەكىللەردە كۆرۈنىدۇ (2 - رەسىمگە قاراڭ).

**3) مورى قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوقيالىق مەرگەنلەر كۆرۈنۈشى**

مورى ناھىيىسىنىڭ سار سېرىق، قاشا قورو، خوجام جىلغىسى، قورۇق جىلغا، دالانسار جىلغىسى ۋە بوستان فېرمىسى تەۋەسىدىكى جىلغا قىيا تاشلىرىغا ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتى تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇن رەسىملەر سىزىلغان. بولۇپمۇ بوستان فېرمىسى تەۋەسىدىكى جىلغا قىيا تاشلىرىغا سىزىلغان ئوقياچى مەرگەنلەر ئوبرازى ناھايىتى قەدىمكى بولۇپ، ئۇلار ئاددىي ۋە ئىپتىدائىي شەكىلدىكى ئوقيالار بىلەن قوراللانغان ھەم ئالدىدىكى ئوۋ نىشانى بولغان ئارقار، تاغ تېكىلىرىگە ئوقيا تەڭلەپ، ئۇلارنى قارىغا ئېلىپ ئاتماقچى بولغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئوقياچى مەرگەنلەر يالىڭاچ بولۇپ، ئۇزۇن ھەم توم زەكەرلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان (3 - رەسىمگە قاراڭ).

**4) ئونسۇ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوقيالىق مەرگەنلەر كۆرۈنۈشى**

ئونسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە خېلى كۆپ قىيا تاش رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بوز دۆڭ يېزىسىنىڭ قوزباي دېگەن جايىدىكى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردە ئوقيالىق مەرگەنلەر ئوبرازى بار. بۇ بۇغا ئوۋلاۋاتقان مەرگەنلەرنىڭ ئىككىسى ئۇزۇن تېرە جۇۋا كىيگەن بولۇپ، ئوقيالىرىنى ئوۋ نىشانى بولغان ئاچا مۈڭگۈزلۈك بۇغىلارغا تەڭلەپ، ئۇلارنى قارىغا ئېلىۋاتقان قىياپەتتە، يەنە بىر يالاڭباش ئوۋچى ناھايىتى يوغان بىر ئوقيانى بەتلەۋاتقان قىياپەتتە، بۇغىلار بولسا مەرگەنلەردىن ئۈركۈپ قېچىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن (4 - رەسىمگە قاراڭ).

www.uyghurkitap.com

**5) ئېرتىش دەريا قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوقيالىق مەرگەنلەر كۆرۈنۈشى**

ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى بولمىش دىڭلىڭ ـ تۇرالارنىڭ مۇقەددەس قارارگاھى بولغان ئېرتىش دەريا ساھىللىرىغىمۇ كۆپلىگەن قىيا تاش رەسىملىرى سىزىلغان. بۇ رەسىملەر ئەينى زاماندا سۇ ۋە ئوتلاق تالىشىپ ئۇرۇق ـ جەڭلەر كۆپ يۈز بېرىدىغان جايغا سىزىلغاچقا، بۇ رەسىملەردىكى ئوقياچى مەرگەنلەر ئوۋچى قىياپىتىدە ئەمەس، بەلكى ھەر خىل ئوقيالار بىلەن قورallanغان جەڭچى سىياقىدا تەسۋىرلەنگەن. بۇ جەڭچىلەرنىڭ بەزىسى يالاڭئاياغ، بەزىسى ھايۋان تېرىسىدە نىقابلانغان بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقانلىقى، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئوقيا تەڭلەپ ھايات ـ ماماتلىق ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن (5 ـ رەسىمگە قاراڭ).

**6) چوغاي تاغلىرى قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوقيالىق مەرگەنلەر كۆرۈنۈشى**

ھۇن ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇقەددەس يايلىقى ۋە قارارگاھى بولغان چوغاي تاغلىرىغىمۇ ئۇرۇش ـ جەڭلەر رەسىملىرى سىزىلىپ، بۇ مەشئەلچى خەلقلەرنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيىتى ئەينەن ئىپادىلەنگەن. بۇ رەسىمدىكى ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ ھايات ـ ماماتلىق ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقان ئىپتىدائىي جەڭچىلەرنىڭ بەزىسى يالاڭئاياغ، بەزىسى ھايۋان تېرىسىگە ئورۇنۇپ نىقابلانغان، باشلىرىغا ئۆكە ـ مۈڭگۈز قاداپ ھايۋاننى دوراپ قۇيرۇقلار تاقىۋېلىشقان، ھەتتا ئۇزۇن ھەم توم زەكەرلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بولۇپ، تېخى ساددا، ئىپتىدائىي ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتلەر ئېنىق گەۋدىلەنگەن (6 ـ رەسىمگە قاراڭ).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئالتاي، تەڭرىتاغ، پامىر، قۇرۇم ـ قارا قۇرۇم ۋە ئالتۇن تاغلىرىنىڭ بىپايان جىلغا قىيالىرىغىمۇ ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئوۋچى مەرگەنلەر بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئوبرازى كۆپلەپ سىزىلغان. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارغا ئەجداد بولغان ھۇنلار، دىڭلىڭ ـ تۇرالار، تۈركلەرنىڭ ئاپىرىدە بولغان ھەم مۇھىم پائالىيەت دائىرىسى بولۇپ كەلگەن بايقال كۆلىدىن ئامۇ دەريا جىلغىلىرىغىچە، چوغاي تاغلىرىدىن قۇرۇم ـ قارا قۇرۇم ۋە پامىر تاغلىرىغىچە ئورتاق ئوقيا مەدەنىيىتى چەمبىرى شەكىللەندۈرگەن⑫. بۇ جايلاردىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئەجدادلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئەڭ كونا رەسىملەردە يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئوۋچىنىڭ تاش بىلەن ئوۋ ئوۋلىشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى رەسىملەردە ئوۋنىڭ ھايۋان تېرىسىدە نىقابلانغان، ئاددىي قورال ياكى سالغا بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئاددىي ئوقيا، بىرقەدەر ئىسلاھ قىلىنغان ئوقيا بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ قىيا تاش رەسىملىرى تارىختا ئوقياچى مىللەت دەپ ئاتالغان ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا ئەجداد بولغان بۇ كەڭ دائىرىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئېتنىك (فولكلور) ئورتاقلىقى، يېقىنلىقى ۋە قانداشلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلاردىكى ئوقيا مۇقەددەسلىكى، ئات مۇقەددەسلىكى، كۆككە چوقۇنۇش، ئوت ۋە يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، يېمەك ـ ئىچمەك، ھېيت ـ بايرام، دەپنە ـ مۇراسىم، توتېم، ئېتىقاد قاراشلىرى، رەڭ ئۇلۇغلىقى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى... ھەتتا قەدىمكى بەزى تامغا ـ بەلگە ھەم ئىروگىلىفلارنى بىردەك ئىشلىتىش قاتارلىقلار ئۇلاردىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ يېقىنلىقىنىلا ئەمەس، يەنە ئېتنىك يېقىنلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئېتنىك ئالامەتلەر قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ تەبىئىي ۋارىسى بولغان ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش بولغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىدە ئىزچىللاشتى.

## 3. يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس تاش ئوقيا باشاقلىرى

يېڭى تاش قورال دەۋرى (15000 ـ 7000 ـ يىللار ئىلگىرى) ئىنسانىيەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر دەۋر. بۇ دەۋردە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىنسانلارنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى ۋە ئوششاق تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن مەزگىلىدە، پەقەت تەبىئەتكىلا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور بۆسۈشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ دەۋردە ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىشقان (يەنى ئوۋ ئارقىلىق هايۋان ئوۋلاپ، گۆش يېمەكلىكى هازىرلاشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولىشاتتى) ئوقيالارنىڭ ئوق ئۇچىغا ئۆتكۈر تاشلارنى ياساپ بېكىتىپ، ئوۋنىڭ ئونۇمدارلىقى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلغان. بۇنداق ئوق ئۇچى قىلىنغان تاش باشاقلار دىيارىمىزدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس قەدىمكى ئىز ۋە خارابىلەردىن خېلى كۆپ تېپىلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1) ئاستانىدىكى ئىز**

تۇرپان شەھىرىنىڭ 37 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاستانە كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان بۇ قەدىمكى ئىزدىن تاش پىچاق، تاش پالتا بىلەن بىللە تاش باشاق ـ تاش ئوقيا ئۇچلىرىمۇ تېپىلغان[13].

**2) سەيۋوپودىكى ئىز**

ئۈرۈمچى شەھەرىنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى، يەنى تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى جىلغىلىقتىكى بۇ قەدىمكى ئىزدىن 600 دانىدىن كۆپرەك تاش قورال يىغىۋېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا تاش باشاقلارمۇ بار[14].

**3) سىڭگىر ۋە لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئىزلار**

لوپنۇر رايونىنىڭ شەرقىي، غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى جايلاردىن ۋە كۆنچى دەريا ئەتراپلىرىدىن، كىچىك مۇرەن، كروران قەدىمكى شەھىرى ئەتراپلىرىدىن تاش پىچاق، تاش پالتا قاتارلىقلار بىلەن بىللە خېلى سىپتا ياسالغان تاش باشاقلارمۇ تېپىلغان[15].

**4) بەنجېگۇدىكى ئىز**

گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ 45 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى بەنجېگۇ يېزىسىغا جايلاشقان ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە خاس بۇ قەدىمكى ئىزدىمۇ تاش بولقا، تاش پالتا قاتارلىقلار بىلەن بىللە خېلى سىپتا ياسالغان ئۆتكۈر تاش ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان[16].

**5) ئوپالدىكى ئىز**

قەشقەر كونا شەھەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى خوجا قونار ۋە جاي سۇلتانباغدىكى بۇ ئىككى قەدىمكى ئىزدىن يىغىۋېلىنغان 400 دانىدىن ئارتۇق تاش قورال ئارىسىدا تاش پىچاق ھەم ناھايىتى سىپتا ۋە ئۆتكۈر ياسالغان تاش ئوقيا باشاقلىرى بولغان[17].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قۇمۇلدىكى سەنداۋلىڭ، تۇرپاندىكى يارغول، توقسۇن ناھىيىسىدىكى ھۇمە بۇلاق، پىچان ناھىيىسىدىكى قىزىل قۇم، ياڭخې ئاسقىلىق مەھەللە، ئاقتېرەك، مورى ناھىيىسىدىكى ئېرقاباق، سىداۋگو جىلغىسى، ئالتاي شەھىرىدىكى شېمىرشېك، چاقىلىق ناھىيىسىدىكى نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى ئېقىنى

قوشۇلىدىغان جايىنىڭ ئەتراپى، گۇما ناھىيىسىدىكى كىلىياڭ، كېرىيە ناھىيىسىدىكى باشقانسۇرا، كەلپىن ناھىيىسىدىكى سارغان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي چېتى، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى قاقتاغ قاتارلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىگە خاس قەدىمكى ئىز ۋە خارابىلاردىنمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ناھايىتى ئۆتكۈر ھەم سىپتا ياسالغان تاش ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان[18].

دېمەك، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئەجدادلار باشقا تاش قوراللىرى قاتارىدا شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولغان ئوقيالىرىنىمۇ زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆتكۈر تاش ئوق ئۇچلىرىنى سەپلەپ ئوۋ قىلىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلارنىڭ ئوقيالىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان.

## 4. برونزا قورال دەۋرىدىكى مىس ئوقيا باشاقلىرى

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن كېيىن ئىنسانلار برونزا قوراللىرى دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋرىدە مىس بۇيۇملارنى ياساش ۋە قوللىنىش بىلەن بىرگە، بۇ دەۋردە يەنە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولغان دۆلەت، شەھەر، يېزىق قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈشلەردە بۇ دەۋرگە خاس مىس ئوقيا باشاقلىرى، مىس بىگىز، مىس پىچاق، مىس كۆرگۈ (ئەينەك)، مىس ھالقا ۋە مىستىن ياسالغان ھەر خىل زىنnەت بۇيۇملىرى تېپىلدى. مەسىلەن:

1) باركۆل ناھىيىسىدىكى نەنۋەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1150 - يىللارغا خاس مىس بۇيۇملار قاتارىدا مىس ئوقيا باشاقلىرى، باركۆلدىكى لەنجۇ ۋەنزە خارابىسىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1300 - يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان مىس ئوقيا باشاقلىرى، يەنە شۇ جايدىكى كۇيسۇ خارابىسىدىن مىلادىيىدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە خاس مىس ئوقيا باشاقلىرى، يەنە شۇ ناھىيىدىكى شىرىنزى قەدىمكى ئىزى بىلەن ھەربىي ئات فېرمىسى ئورنىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىنمۇ مىس ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان[19].

2) ئاراتۈرك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تۇز كۆلى خارابىسى بىلەن كارساڭدىكى قەدىمكى ئىزلاردىنمۇ مىس ۋە مۈڭگۈزدىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان[20].

3) تۇرپان شەھىرىگە تەۋە قاراغوجا خارابىسىدىنمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1110 - يىللارغا خاس بىر دانە مىس ئوقيا باشىقى تېپىلغان[21].

4) چۆچەك شەھىرى سەھىيە مەكتىپىدىكى ئىز ۋە قەبرىستانلىقتىن مىستىن ياسالغان ھالقا، مارجان قاتارىدا ئوق ئۇچلىرىمۇ تېپىلغان[22].

5) كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىنمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1800 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدىغان قاشتېشى، سۆڭەك، تاش، مىس قاتارلىق قوراللار قاتارىدا تاش ئوقيا باشىقى ۋە چىرىپ كەتكەن مىس ئوقيا باشىقى

تېپىلغان㉓.

6) خوشۇت ناھىيىسىدىكى شىنتاران خارابىسىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500 - يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان تاش، ياغاچ، مىس بۇيۇملار قاتارىدا مىستىن ياسالغان پالتا، ھىگىز، پىچاق ھەم مىس ئوقيا باشاقلىرىمۇ تېپىلغان㉔.

7) كېرىيە ناھىيىسىدىكى قارادۆڭ خارابىسىدىن باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە تاش ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان㉕.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئاقسۇ - باي ئارىلىقىدىكى قارا يۇلغۇن قەدىمكى خارابىسى، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى ئاقدالا، ئۈچكۆلۈك، قۇرۇقدالا، دۆۋەتلىك قاتارلىق قەدىمكى ئىز ۋە خارابىلىقلاردىن تاش، سۆڭەك ھەم مىستىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان. بۇلار تاش قوراللار بىلەن مىس قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىس قوراللار (برونزا) دەۋرىدە دىيارىمىزدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ مىسنى تونۇش ھەم مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، مىستىن ئوقيا ئۇچلىرىنى ياساپ ئۇنىڭدىن ئوۋدا ھەم جەڭلەردە پايدىلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئارخېئولوگلارنىڭ دىيارىمىز ئارخېئولوگىيىسىدە تاپقان مىس بۇيۇملارنى كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچىگەن دەۋر سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى خارابە - ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ مۇتلەق دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىلغىچە بولغان دەۋرلەر دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مىس قوراللار دەۋرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان㉖.

## 5. تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى تۆمۈر ئوقيا باشاقلىرى

تۆمۈر قوراللارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بىر يېڭى باسقۇچقا باشلاپ كىردى. ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، دىيارىمىزدا دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئائىت ماددىي يادىكارلىقلار خېلى كۆپ تېپىلغان. ئەجدادلىرىمىز دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا باشقا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن بىللە ئوقيالىرىنىمۇ قايتا ئىسلاھ قىلىپ، نىشانغا دەل تېگىدىغان، ئوقيا باشاقلىرىنى ناھايىتى ئۆتكۈر، ئۇچلۇق ۋە قىرلىق قىلىپ ياساپ، ئوقيالىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنداق تۆمۈر ئوقيا باشاقلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى ئىپتىدائىي قەبرە - يادىكارلىقلار بىلەن قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرىدىن، ئوۋچىلىق ھاياتى ئۇزاق داۋام ئەتكەن كۆل ۋە دەريا ۋادىلىرىدىن، سىرلىق جىلغا - دۆڭ، تۆپىلىكلەردىن كۆپلەپ تېپىلدى. مەسىلەن:

1) قومۇل شەھىرى توغوچى يېزىسىدىكى يانبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرى 1300 - يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان تۆمۈر ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان㉗. يەنە قومۇلدىكى مۇشۇ دەۋرگە خاس لاپچوق قەبرىستانلىقى، قارادۆڭ

قەبرىستانلىقى قاتارلىق قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىنمۇ تاش، ياغاچ، مىس، تۆمۈردىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان.

2) خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ قاراۋۇڭ يېزىسىدىكى مەشھۇر چابغا جىلغىسىدىكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ تاش، ياغاچ، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدىكەن㉘.

3) بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ چومپاق يېزىسىدىكى چومپاق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللار ئەتراپىغا تەئەللۇق يادىكارلىقلار قاتارىدا سۆڭەك، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان㉙.

4) پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى تەۋەسىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1300 ـ يىللار ئەتراپىغا خاس بۇيۇملار قاتارىدا سۆڭەك، مىس، تۆمۈرلەردىن ياسالغان پىچاق، خەنجەر ۋە ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان㉚. بۇ قەبرىستانلىقتا يېقىن جايدىكى ياڭخې قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ مىس، تۆمۈر بۇيۇملار قاتارىدا ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان.

5) تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىنمۇ مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان㉛.

6) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 500 ـ 1000 ـ يىللار ئارىلىقىغا تەخمىن قىلىنغان ئۇلانباي سۇ ئامبىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا توقسۇندىكى ئالغۇي قەدىمكى قەبرىستانلىقى، چاپچالدىكى سۇتۇنبۇلاق قەدىمكى قەبرىستانلىقى، موردىكى سىداۋگو، گوچۇڭدىكى بەنجېگو، ئالتايدىكى شەمىرشېك، كۇنەستىكى تۆمۈرلۈك قەبرىستانلىقى، نىلقىدىكى قاراتۆپە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، موڭغۇلكۈرەدىكى شات قەبرىستانلىقى قاتارلىق نەچچە ئونلىغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن سۆڭەك، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل ئوقيا باشاقلىرى تېپىلغان.

دېمەك، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ ئەجدادلىرىمىز تۆمۈر تاۋلاپ، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى، جۈملىدىن ئوقيا ئوچلىرىنى ياساپ پايدىلانغان.

## 6. قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ئوقيالار

مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ جان ساقلاپ كەلگەچكە، ئوۋ قورالى ئوقياغا بولغان مۇقەددەسلىكنى ئۇدۇم قىلىپ كەلگەن. ئوقيانى ئۇلۇغلىغان، چوقۇنغان ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇن گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى توقۇشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاپات بولغۇچى ئوقياچى

مەرگەنلەرنى يەرلىككە قويغاندا مېيىتنىڭ قولىغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ، كۆكتىكى مەلۇم بىر نىشاننى قارىغا ئېلىۋاتقان ھالەتتە ئولتۇرغۇزۇپ دەپنە قىلىدىغان ئادەت ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن. شۇڭا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى قەبرىلىرىدىن ئوقيا چىقىشتىكى سىرمۇ دەل يۇقىرىدىكى ئېتنىك ئادەتنىڭ نەق ماددىي پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخنامىلەردىمۇ نۇرغۇن يازمىلار قالدۇرۇلغان.

مەسىلەن، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. 103 - جىلد، قاڭقىللار تەزكىرىسى» (جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1974 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2307 - بەت) دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قاڭقىللارنىڭ ۋاپات بولغۇچىنى يەرلىككە قويغاندا مېيىتنىڭ قولىغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ قويىدىغانلىقى، ئۆلگۈچى قولىدىكى ئوقيا بىلەن كۆكتىكى مەلۇم بىر نىشاننى قارىغا ئېلىۋاتقان ھالەتتە دەپنە قىلىنىدىغانلىقى، بۇ بىر ئۇدۇم ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. دېمەك، بۇ تارىخىي خاتىرە يۇقىرىدىكى بايانىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى دەلىلى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلاردىكى ئوقياچى مەرگەنلەر ۋاپات بولسا ئۇنىڭغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ دەپنە قىلىدىغان بۇ قەدىمكى ئېتنىك ئادەتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى دەلىللەيدىغان پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

### 1) زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئوقلار

1985 - يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق يېزىسىدىكى بەش قەدىمكى قەبرىنى قازغاندا، M3 قەبرىدىن ئوق دەستىسى بىلەن ئوق باشقى بىلەن ئويۇپ ياسالغان ياغاچ ئوقتىن 8 دانىنى قېزىۋالغان. بۇنىڭ 6 دانىسى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ساقلىنىپ قالغان 6 دانە ئوقنى 2 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 4 دانىسىنىڭ ئوق دەستىسى بىلەن بىللە ئويۇپ ياسالغان باشاقلىرى قىرلىق، ئۇچلۇق، ئۆتكۈر بولۇپ، باشاق قىرىنىڭ ئىككى يېنىدا قارماقسىمان ئىلمىكى بار. قالغان 2 دانىسىنىڭ باشاقلىرى ئىلمەكسىز، تومراق قىلىپ ياسالغان.

1 - خىلدىكى (قارماقسىمان ئىلمىكى بار، قىرلىق، ئۇچلۇق) ياغاچ ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72cm، باشاق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.2cm، 2 - خىلدىكى (باشىقى ئىلمەكسىز، تومتاق) ياغاچ ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70cm، باشاق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3cm، قېلىنلىقى 6mm كېلىدۇ. ياغاچ ئوقلارنىڭ ھەممىسىگە كىزىنچىكە تىرىلىدىغان تىرەكلەر ئويۇپ چىقىرىلغان (7 - رەسىمگە قاراڭ).

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان دەستىسى بىلەن بىللە (تۇتاش قىلىپ) ئويۇپ ياسالغان قىرلىق، ئۇچلۇق، ئىلمەكلىك ۋە ئىلمەكسىز ياغاچ ئوقلار ناھايىتى سۈپەتلىك، چىداملىق بولۇپ، ئۇ چەرچەن دىيارى (جۈملىدىن تارىم ۋادىسى) دا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئوقياچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىغا قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شۇ زامانلاردا تۆمۈر ۋە مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ئوق باشاقلىرىنى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىگىلىشچانلىقى يۇقىرى بولغان چىداملىق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ياغاچ ئوقلارنى، ھايۋان مۈڭگۈزلىرىنى كېسىپ - ئېگىپ، ئۇنى پەي تارىموشلار بىلەن قېتىپ يەملەپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئېسىل تەييارلانغان چىداملىق كىرىچلارنى ياساپ، خېلى

www.uyghurkitap.com

يىراقتىكى نىشانغا دەل تېگىدىغان سوپەتلىك ئوقيالارنى ئىجاد قىلغان[32].

**2) نىيە خارابىسىنىڭ شىمالىدىن تېپىلغان تاش يا ئوقى بېشى**

1989 - يىلى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز شىركىتى خادىملىرى نىيە خارابىسىنىڭ شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدا نېفىت چارلاۋېتىپ 23 دانە مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئۇچراتقان ۋە بۇلارنى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاشتىن ياسالغان 3 دانە يا ئوقى بېشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى ئۆلچەملىك، ئومۇمىي شەكلى كۆركەم ۋە نەپىس، ئۇچى ۋە قىرى ئۆتكۈر چىقىرىلغان[33]. بۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، تاش ياپراقنى قىسىپ يونۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، يىراق تاش قوراللار دەۋرىنى ئەسلىتىدۇ (8 - رەسىمگە قاراڭ).

**3) زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستىن تېپىلغان ئوقيالار**

1996 - يىلى ئارخېئولوگلار چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 102 قەبرىنى قازغان. بۇ قېتىم 24 دانە ھەر خىل ياغاچ ئوق، كىرىچلىرى مەزمۇت قىلىپ ياسالغان يا قاتارلىقلار تېپىلغان (9 - رەسىمگە قاراڭ). بۇلار ئاساسەن ياسىلىش جەھەتتە 4 خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى 3 دانە. بۇلارنىڭ كەسمە يۈزى رومبا شەكلىدە، ئۇچى ئۆتكۈر ھەم ئۇچلۇق. ئىككىنچى خىلى 4 دانە بولۇپ، كەسمە يۈزى چاسا شەكلىدە، تەتۈر تىكىنى بار، دەستىسىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدا رەڭ سۈرتكەن ۋە قۇش پەيلىرىنى چاپلىغان ئىز بار. ئۈچىنچى خىلى 9 دانە بولۇپ، كەسمە يۈزى ئۈچ قىرلىق شەكلىدە، ئۇچى ناھايىتى ئۆتكۈر، قىرلىرى ياي شەكلىدە. تۆتىنچى خىلى 4 دانە بولۇپ، كەسمە يۈزى يۇمىلاق، باشقىنى دەستىسىگە سېلىپ يىلىم بىلەن مۇقىملاشتۇرۇپ چىڭىتىلغان. قالغانلىرى ماتېرىيالى ياغاچ، سۆڭەك، مۈڭگۈز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇتاش ياي شەكىللىك، يا چىۋىقى مۈڭگۈز، سۆڭەكلەردىن چىقىرىلغان، ئاندىن كالا سىڭىرى بىلەن يۆگەپ، يىلىم سۈرتۈلگەن[34]. بۇ قېتىم تېپىلغان 24 دانە ھەر خىل ياغاچ ئوق بىلەن كىرىچلىرى مەزمۇت قىلىپ ياسالغان يالارنىڭ (قوشۇمچە 5 دانە يا قېپىنىڭ) ياسىلىشى كۆركەم ھەم پۇختا، مەزمۇت بولۇپ، ئوقياچىلىق تېخنىكىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

**4) نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ئوقيا قاتارلىقلار**

1995 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى يېقىندىن بايقىغان بىر قەبرىستانلىق (95MNI - نومۇرلۇق) تىكى 8 قەبرىنى (95MNIM8 - نومۇرلۇق) قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدە قېزىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان. شۇ قاتاردا بۇ قەبرىلەردىن بىر دانە يا (M8:16 - نومۇرلۇق)، بىر دانە يا قېپى (M8:17 - نومۇرلۇق) 4 دانە يا ئوقى (M:15 - نومۇرلۇق) ۋە ئىككى دانە ئوقدان (M:17 - نومۇرلۇق) قاتارلىقلارنى تاپقان[35]. مەسىلەن: يا بىر دانە (M8:16 - نومۇرلۇق)، ئۇزۇنلۇقى 132 سانتىمېتىر، يانىڭ شەكلى سەل ئۆزگىرىپ كەتكەن، ياغاچ ۋە مۈڭگۈزدىن تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان بولۇپ، تۇتاشقان يېرى تاسما كىرىچ بىلەن چىڭ باغلانغان. يانىڭ كىرىچى پەي، سىڭىردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ پۇختا بولۇشى

ئۇچۇن، كىرىچنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئون سانتىمېتىرچە كېلىدىغان تېرە تاسما ئورالغان يا ۋە كىرىچقا باشتىن ـ ئاخىرغىچە قىزىل، ئاق ۋە سېرىق شايى لېنتا ئورالغان. كىرىچقا ئورالغان سېرىق شايى لاتا ئۈستىدە قارا سىياھدا يېزىلغان قارۋشتىچە خەتلەر بار.

يا قېپى بىر دانە (M8:17 ـ نومۇرلۇق) ، قاپقا تېگى قوڭۇر كىمخابتىن جىيەك تۇتۇلغان بولۇپ، قاپنىڭ ئۆزى ئۈچ پارچە كۆندىن ئۈستىگە، ئىچىگە بۇلۇت نەقىشى چۈشۈرۈلگەن رومبا شەكىللىك كاتەكچە چىقىرىلىپ تىكىلگەن. قاپنىڭ ئاستى ئۈچى تەرىپى قىزىل كۆندە ياسىلىپ، بېسىپ گۈل چىقىرىلغان، قاپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 104 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18 سانتىمېتىر. قاپ ئاغزىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يەنە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى بىر نەرسە ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇ بىر كىچىك خالتا بولسا كېرەك. خالتا ئاغزىنىڭ گىرۋىكىگە تاشپاقا قېپىغا ئوخشاش گۈللۈك بار كىمخابتىن جىيەك تۇتۇلغان.

يا ئوقى 4 تال (M:15 نومۇرلۇق) ، يا ئوقلىرى ئوقدانىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۇزۇن شاخنى قىرىش ئارقىلىق ياسالغان، ئىككى ئۈچى ئىنچىكىرەك، ئوتتۇرا قىسمى تومراق، ساداقنىڭ ئۈچى يۇمىلاق بولۇپ، قارا بويالغان، قۇيرۇق تەرىپى قارا، قىزىل رەڭدە بويالغان ھەم ئۇنىڭغا پەي باغلانغان ئىزى بار. يا ئوقىنىڭ كىرىچقا قويۇلىدىغان ئېرىقچىسى سىرتىدا ئۇنى پۇختىلاش ئۈچۈن ئورالغان نەرسە بار.

ئوقدان ئىككى دانە (M:17 نومۇرلۇق) ، ئۇ يا قېپىغا باغلاپ قويۇلغان، كاناي شەكلىدە قاپقىقى بار، ئاستى تۈز، بۇنىڭ بىرىنى قۇرت يەپ، چاشقان غاجىلاپ تۈگىتىۋەتكەن بولۇپ، ئاستى قىسمى ۋە كاناي شەكلىدىكى بويۇنىنىڭ تېكىپ تۇتاشتۇرۇلغان قىسمىنىڭ ئازلا يېرى قالغان، يەنە بىر دانىسى خېلى ئوبدان ساقلىنىپ قالغان (10 ـ رەسىمگە قاراڭ) .



1 ـ رەسىم: جىمىنەيدىكى ساۋۇرتاغ قىيا تاشلىرىغا چېكىلگەن ئوقيالىق مەرگەنلەر كۆرۈنۈشى



2 ـ رەسىم: ئاراتۈرك قىيا تاشلىرىغا چېكىلگەن ئوقيالىق ئوۋچىلار كۆرۈنۈشى



3 ـ رەسىم: موردىكى قىيا تاشلارغا چېكىلگەن ئوقيالىق ئوۋچىلار كۆرۈنۈشى



4 ـ رەسىم: ئونسۇ قىيا تاشلىرىغا چېكىلگەن ئوقيالىق ئوۋچىلار كۆرۈنۈشى



5 ـ رەسىم: ئېرتىش دەريا قىيا تاشلىرىغا چېكىلگەن ئوقيالىق جەڭ كۆرۈنۈشى



6 ـ رەسىم: چوغاي تاغلىرىغا چېكىلگەن ئوقيالىق جەڭ كۆرۈنۈشى



7 ـ رەسىم: زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئوق (ساداق) لار



8 ـ رەسىم: نىيە خارابىسىنىڭ شىمالىدىن تېپىلغان تاش ئوقيا ئۇچلىرى



9 ـ رەسىم: زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يا ۋە ئوقلار



10 ـ رەسىم: نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان يا، ئوق، ئوقدان ۋە يا قېپى




11 ـ رەسىم: نىلقىدىكى چوڭكۆك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان سۆڭەك ئوقيا باشاقلىرى



12 ـ رەسىم: يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يا ۋە ئوقلار



13 ـ رەسىم: كىچىك مورەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يا ھەم قاناتلىق ئۈچقۇر ئوقلار

**5) چوڭكوڭك قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان سۆڭەك ئوقيا باشاقلىرى**

2001 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئارخېئولوگلىرى نىلقا ناھىيىسىنىڭ كېلەڭ يېزىسى تەۋەسىدىكى قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان چوڭكوڭك قەبرىستانلىقىدا 55 قەبرىنى قازغان ھەمدە 100 دانىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان㊱. شۇ قېتىم بۇ جايدىن 7 دانە سۆڭەك ئوقيا باشقىمۇ تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ 2 دانىسى ئۈچ قىرلىق، تاق قاناتلىق، قويرۇقى ياپىلاق؛ 4 دانىسى ئۈچ قىرلىق، قوش قاناتلىق، قويرۇقى ياپىلاق؛ بىر دانىسى ئۈچ قىرلىق قاناتسىز. بۇلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 7cm، ئەڭ قىسقىسى 4cm ئەتراپىدا (11 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ سۆڭەك يا ئوقلىرى ناھايىتى ئۆچلۇق ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، خېلى نەپىس ياسالغان.

**6) يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئوقيالار**

1989 ـ يىلى ئارخېئولوگلار كرورەن شەھىرىنىڭ 200 كىلومېتىر غەربكە جايلاشقان يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 32 قەبرىنى قېزىپ، 120 قەبرىنى تازىلاش جەريانىدا 400 دانىدىن كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان㊲. شۇ قاتاردا بۇ جايدىن 5 دانە يا، 5 دانە يا ئوقىنى تاپقان.

يا: 5 دانە. ئۇلاردىن 2 سى مۇكەممەل ساقلانغان. M30:1 نومۇرلۇقىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللاردىن كالا سىڭىرى، ھايۋان مۇڭگۈزى، ھايۋان سۆڭىكى، يىلىم، ئەۋرىشىم ۋە ئىلاستىكىلىقى ئىگە ياغاچ قاتارلىقلار بار. ئۇلارنى ياساشتا، ياغاچنى يا ھالىتىگە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھايۋانلار مۈڭگۈز تۈرىدىكى نەرسىلەرنى يىلىم بىلەن چاپلىغان. ھايۋان سىڭەرنى مۈڭگۈز ئۈستىگە يۆگىگەن، ئىككى ئۇچىدىكى قىن ئىچىگە كىرىچى باغلانغان. كىرىچ كالا سىڭىرىدىن ياسالغان. يا گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىسى تۆت قىرلىق شەكىلدە، ئىككى ئۇچى سوقىچاق شەكىللىك، ئۇزۇنلۇقى 130 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6.4~0.8 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2 .1~6 .4 سانتىمېتىر. كىرىچنىڭ ئۇزۇنلۇقى 126 سانتىمېتىر.

يا ئوقى: 5 دانە. ئۇلار ئىنچىكە تاياقنى قىرىش ئارقىلىق ياسالغان، يۈزى سىلىقلانغان. باشاق دەستىسىنىڭ قىن چىقىرىلغان قۇيرۇقى قارا رەڭدە بويالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكە كەندىر شوينا يۆگەلگەن. ئوق دەستىسى قۇيرۇقىدىكى ئۇچ يەردە پەي قادالغان ئىز بار. ئوق باشىقىنىڭ كۆپىنچىسى يوقالغان. M30:22 نومۇرلۇقى ئىنچىكە تاياقنى قىرىش - يونۇش ئارقىلىق ياسالغان. باشاق بىلەن دەستە بىر تال ياغاچتىن ياسالغان. باشاق ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك، قاناتسىز، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3 .72 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 8 .0 سانتىمېتىر. M10:12 نومۇرلۇقىنىڭ دەستىسىنىڭ باشاق بېكىتىلىدىغان ئۇچىغا ئىنچىكە چىگە شوينا يۆگەلگەن. ئۇنىڭ تۆمۈر باشىقى چىرىپ كەتكەن. ھازىر پەقەت يۇمىلاق دەستىنىڭ ئوق بېكىتىش تۆشۈكىدە تۆمۈر داتلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. دەستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 0.9 سانتىمېتىر (12 - رەسىمگە قاراڭ).

## 7) كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئوقيالار

2002 - يىلى يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان كىچىك مۆرەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان، شۇ قاتاردا بۇ جايدىن بىر قىسىم ئوقيالارنىمۇ تاپقان (بىر قىسىم ئوقيالار 3800 - 4000 يىلدىن بۇيان چىرىپ، بۇزۇلۇپ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىغان) ㊳. ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە قويۇلغان يالار ئاساسەن يۇلغۇن شېخىدىن ياسالغان، كىرىچلىرى كالا قاتارلىق ھايۋان سىڭىرىدىن ئېشىپ ياسالغان. يا ئوقلىرى بولسا خېلى ياخشى ساقلانغان، شەكلى ئوخشاش بولۇپ، ئوق دەستە، پەي، يا ئوقى قۇيرۇقىدىن تەركىب تاپقان. ئوق دەستىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى يۇلغۇن ياغىچى، ئاخىرقى قىسمى قومۇچ بولۇپ، يۇلغۇن دەستە قىسمىدىن ئەركەك تۇرۇم چىقىرىپ قومۇچقا كىرگۈزۈپ چېتىشتىن دەستە پۈتكەن. ئوقنىڭ ئايرىم باشىقى يوق بولۇپ، يۇلغۇن دەستىنىڭ بېشىنى ئۇچلاپ ئوق بېشى چىقارغان، يا ئوقى قۇيرۇقمۇ ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىمۇ دەستىنىڭ قومۇچ قىسمىغا قاداپ كىرگۈزۈلگەن. پەي ئۈچ قاناتلىق بولۇپ، سىڭەر تالاسى، ئەسلى رەڭدىكى ياكى قىزىل بويالغان تېرە تالاسى بىلەن يۆگەش ئارقىلىق ھەرقايسى جايلىرى چىڭ تېڭىلغان. ھەتتا بەزى يا ئوقلىرىغا پەيلەرنى باغلاپ قاناتلىق ئۇچقۇر ئوقلارنىمۇ ياساپ ئىشلەتكەن (13 - رەسىمگە قاراڭ).

يۇقىرىدىكى 7 جايدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان، ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە ئۆلگۈچى بىلەن قويۇلغان يا، ئوق ۋە ئوق ئۇچلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن كاتتا قورال بولۇپ، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش قورالى ھەم جەڭ قورالى بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. بۇلارنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىلدىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوقياچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ نەق ماددىي پاكىتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە)

# قىرىق بىر قۇمۇلاق پالى ھەققىدە

**ئەنۋەر سەمەد قورغان، بەيسەك كاسەي**

پال ــــ يارىتىلىشىنىڭ تامغا بەلگىلىرىنى، تەبىئەت ئامىللىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق قىلىپلاشقان سىرلىق ئىلىم. ئىنساننىڭ تەقدىرىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە، پالچىلىق ــــ قەدىمدىن بۇيان ھەربىر مىللەت ۋە قوۋمدە دۇنياۋىي كۆلەمدە تارقالغان بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت ھادىسىسىدۇر. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن ھېكمەتلىك، ئەمما ئىككى بىسلىق ۋەسىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا، خەلق ئىچىدە «جاۋرىنچى» (پال ئېچىشتا ھايۋاننىڭ تاغاق سۆڭىكىدىن پايدىلىنىدىغان خاسىيەتلىك كىشىلەر)، «تۆمۈرچى» ياكى «ئەمچى» (تومۇر تۇتۇپ ئادەمنىڭ تەن ساقلىقىدىن بېشارەت بەرگۈچى)، «مۇنەججىم» ياكى «ھېسابچى» (يۇلتۇزغا، ئۇچقان قۇشقا، يوگۈرگەن ھايۋانغا، تۆت تۇرلۇك مالغا قاراپ ھاۋارايىغا بېشارەت بەرگۈچى)، «دارىمچى» (ئادەمنى چاققان يىلان بىلەن قارا قورۇتنىڭ زەھىرىنى ئوقۇپ قايتۇرىدىغان ئەمچى)، «پالچى» (ھەر خىل نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلاردىن مەلۇم شەكىل تىزىپ چىقىرىش يولى بىلەن تەقدىر ھەققىدە خەۋەر بەرگۈچى) قاتارلىقلار ھېلىمۇ بار. مەزكۇر كىشىلەر سىلىپ كەلگەن پالنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ بەزىسى دۇنياۋىي ئورتاقلىققا ئىگە، بەزىسى مەلۇم رايون ياكى مىللەت دائىرىسىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ قەدىمدىن ئېتىبارەن ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، دىنىي چۈشەنچىسى ۋە ئېزدىنىشلىرى ئاساسىدا، بەزى پال شەكىللىرىنى پەيدا قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشلىتىپ كەلگەن. مۇشۇنداق پال تۈرلىرىنىڭ ئەل ئىچىدە ئەڭ كەڭ دائىرىدە ساقلانغىنى قىرىق بىر قۇمۇلاق پالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇسۇلمان خەلقلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر قىرىق بىر قۇمۇلاق پالىنى دانىيال (دانىيار) پەيغەمبەردىن قالغان مىراس، دەپ قارايدۇ. قىرىق بىر قۇمۇلاقنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا پالچىلار، شۇنىڭدەك خەلق مۇنداق قارايدۇ: «18 مىڭ ئالەمدە قىرىق بىر مۇسۇلمان ئېلى بار. ئاشۇ مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ سانىغا ئاساسەن قىرىق بىر تاش ئېلىپ، ياقۇپ بىلەن داۋۇد پەيغەمبەر قۇمۇلاق ئېچىشنى دەستۇرغا ئايلاندۇرۇپتۇ.» ئەلۋەتتە، بۇنداق جاۋابنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكى كىشىلەرگە ئاياندۇر.

قىرىق بىر قۇمۇلاق بىلەن پال ئېچىش يالغۇز ئۇيغۇر رايونىدىلا مەۋجۇت ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيا، كاپكاز، ئىران، ھىندىستان، كورىيە، ياپونىيە ھەمدە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ تارىخىدا ھەم ئۇچرايدۇ. قۇمۇلاقنىڭ تارالغان جايلىرىنىڭ مۇشۇنداق كەڭ دائىرىلىك بولۇشى

ئۇنىڭ قەدىم زاماندىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالمىغان كونا خەزىنە ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

قىرىق بىر قومۇلاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەپسانىۋىي تونۇشلىرىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. بەزى ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ قارىشىچە، مەزكۇر پال شەكلى قۇرقۇت ئاتانىڭ بىلىمىدىن باشلىنىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئىلگىرىكىلەردىن كېيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قېلىشى ھەققىدە پالچىلارنىڭ قارىشىچە، قومۇلاق ئېچىش ئاتىدىن بالىغا ئىرسىيەت بولۇپ قالىدۇ ياكى ئەرۋاھ بېشارەت بەرگەندىن كېيىن ئادەمگە قونارمىش.

خەلقىمىز قومۇلاقچىلاردىن كۆكتىن چۈشىدىغان پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلاردىن كېلىدىغان زۇلۇم، يەردىن چىقىدىغان يامانلىق ھەققىدە، ئوغرىلانغان مال - مۈلۈك، يولغا چىققان يولۇچى توغرىسىدا، ئەل تەقدىرى، يەر تەقدىرى ھەققىدە ئالدىن مەلۇماتلار ئېلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن خالىغان ئادەم قومۇلاقچى بولالمىغان. بىر كىشىنىڭ قومۇلاقچى بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە پالچىلارنىڭ قارىشى مۇنداق: قومۇلاق ئاچماي تۇرۇپ تاھارەت ئېلىش، تازىلىققا دىققەت قىلىش، قومۇلاقنى كۈننىڭ كۆزى بار چاغدا (يورۇق، كۈندۈزدە) قومۇلاقنىڭ بېشىنى كۈنگە قارىتىپ ئېچىش، ئۆيدە ئاچقاندا تۈمۈر - تەسەك ئەسۋابلارنى يوشۇرۇپ قويۇش لازىم. بۇنىڭ سەۋەبى قاتتىق نەرسىلەر قومۇلاقنىڭ چېچىلىپ سۆزلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. قومۇلاقنى تارتقاندا ئالدىغا «توسقۇچى يىپ» نى قويۇپ تۇرۇپ ئېچىش. بۇ ئادەت «قومۇلاققا توسقۇنلۇق كۆپ بولسۇن، ئۆمرىگە توسقۇنلۇق ئاز بولسۇن» دېگەن ئىرىمدىن ئېلىنغان. قومۇلاقنى كېچىدە سىلىشقا بولمايدۇ، ۋەھاكازا.

قومۇلاقچىغا قويۇلىدىغان شەرتلەرمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە قاتتىقتۇر: مەسىلەن: قومۇلاقچىلار يالغان ئېيتماسلىق، ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا ۋە ناسىۋال چەكمەسلىك. ئەمما قومۇلاقچىلارنىڭ بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەل - يۇرت، قوشنا - قولۇم، ئۇچ يۈز تارىخىدىن سۆز ئېچىپ، نەسەبىنى تولۇق بىلىپ، ئۆتكەن ئەۋلادلارغا ئۆگىتىشنى بىلىش؛ يەر تۈزۈلۈشىنى تولۇق بىلىش؛ تۆت تۈرلۈك مالنى تونۇش؛ ھاۋارايىنى ئالدىن بىلىش؛ مال كېسەللىكىنى داۋالاشنى بىلىش قاتارلىقلار.

خەلق ئارىسىدىكى كەسپىي قومۇلاق پالى ئاچقۇچىلارنى ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىگە ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. قىرىق بىر قومۇلاقنىڭ تىلىنى تولۇق بىلىدىغان ئەۋلىيا سۈپەت قومۇلاقچىلار. ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىنى كېلەر، دېگىنى دېگەندەك كېلەر.

2. پەقەت قىرىق قومۇلاقنىڭلا تىلىنى بىلىدىغان ئوتتۇرىچە قومۇلاقچىلار.

3. قومۇلىقىنى بازاردا سېتىپ پۇل قىلىپ، پايدا تېپىپ يۈرگەن «ئالدامچىلار».

ئەل ئېغىزىدا «ئەۋلىيا سۈپەت» قومۇلاقچىلار توغرىسىدا قىزىق - قىزىق ھېكايىلەر كۆپ.

قومۇلاقچىلار قومۇلاق پالى ئېچىشتىن بۇرۇن مۇناسىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشنى ئادەت قىلغان. تۆۋەندىكىلەر ئەنە شۇ دۇئالاردىن بەزىلىرىدۇر:

1. بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
پەيغەمبەر ئاچقان پال بولساڭ
ئاق سۆزلەپ چۈش!

2. بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

پەيغەمبەر ئاچقان پال بولسالا،
ئوڭدىنمۇ، سولدىنمۇ ھەممە تەرەپتىن چۈش!
3. بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
مېنىڭ مۇشۇ بالامنىڭ ئالدىنى بەخت كۈتۈپ تۇرسا،
ئىشىكتىن تۆرگىچە سۆيۈنچە قۇمۇلاق بولۇپ چۈش!
4. بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
پەيغەمبەر ئاچقان پال ئىدىڭ،
قىرىق بىر ئوتنىڭ بېشى ئىدىڭ، ئاق سۆزلە.

قىرىق بىر قۇمۇلاق ئېچىشنىڭ بەزىبىر ھەرىكەت ئاتالغۇلىرى قېلىپلاشقان بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

«قۇمۇلاق ئېچىش»، «قۇمۇلاق سېلىش» ياكى «قۇمۇلاق بۆلۈش»: بۇ قىرىق بىر قۇمۇلاقنى ئوڭ قول ۋە سول قول بىلەن ئۈچ توپقا بۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. قۇمۇلاقچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىرىق بىر قۇمۇلاق بىردەك خاسىيەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئۈچكە بۆلگەندە، «بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ قولى» دەپ بۆلۈش كېرەك، دەيدۇ. قۇمۇلاقنى دەسلەپ بۆلگەندە «باش»، «يۈرەك»، «ئۆكچە» دەپ ئۈچ توپقا بۆلۈنىدۇ.

قۇمۇلاقنى تۆرگە ئايرىش: بۇ يۇقىرىدىكى ئۈچ بۆلەكنىڭ ھەرقايسىسىنى تۆتتىن بۆلۈپ چىقىرىپ، ئۈچتىن ئايرىپ قاتار قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

سۆيۈنچە ئىزدەش: بۇ قىرىق بىر قۇمۇلاق توققۇز تۆرگە بۆلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قالغان قالدۇقنى ئۈچكە بۆلۈپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كېيىن بىر قۇمۇلاق قالسا «سۆيۈنچە بار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئىككى قۇمۇلاق قالسا، ئۇنداقتا زىيان بار، خۇدا بېرەر، دەپ تىلىنىدۇ.

پال بېشى: قۇمۇلاقچىغا بېرىلىدىغان ھەق.

يۇقىرىقى ھەرىكەت ئاتالغۇلىرى قېلىپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئاتاشقا بولمايدۇ. شۇندىن كېيىن قۇمۇلاق ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

ئالدى بىلەن قىرىق بىر قۇمۇلاق ئاق كىگىز ئۈستىگە چېچىپ قويۇلىدۇ ۋە بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى يىغىش، ئارقىلىق، تولۇق ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇ جەريان «قۇمۇلاق ئارىلاشتۇرۇش» دېيىلىدۇ. قۇمۇلاقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىرىق بىر قۇمۇلاقنى ئۈچكە بۆلگەندە مۆلچەرلەپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تەخمىنەن تەڭ بۆلۈنۈشىنى ئەسكەرتىش ھاجەت. شۇنىڭ بىلەن، «قۇمۇلاق بېشى» دەپ ئۈچكە بۆلۈۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوڭ قول تەرەپتىكى بۆلەكتىن تۆت - تۆتتىن بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان قۇمۇلاقلارنى ئوڭ قول بىلەن يۇقىرى تەرەپكە ئاپىرىپ قويىدۇ. بۇ «ئوڭ قاپاق» ياكى «ئوڭ چېكە» دەپ ئاتىلىدۇ. (قۇمۇلاق سۈرىتىدىكى 1 - ئورۇن). ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى بۆلەكنى تۆتكە بۆلۈپ، قالغان قالدۇقلارنى «قۇمۇلاق ماڭلىيى»غا ئاپىرىپ قويىدۇ (2 - ئورۇن). ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى بۆلەكنى ئايرىپ «سول قاپاق» ياكى «سول چېكە»گە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان قۇمۇلاقلارنى قايتا ئارىلاشتۇرۇپ، «قۇمۇلاق يۈرىكى» (3 - ئورۇن) دەپ ئاتاپ، قايتا ئارىلاشتۇرۇپ يەنە ئۈچكە بۆلىدۇ. ئوڭ قول تەرەپتىكى بۆلەكنى تۆتكە بۆلۈپ، قالغىنىنى «ئوڭ بۆرەك» (4 - ئورۇن) كە ئاپىرىپ قويىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىدىكى بۆلەكنىڭ قالغىنىنى «قۇمۇلاق يۈرىكى» (5 ـ ئورۇن) گە قويىدۇ. چەتتىكى بۆلەكنى ئايرىپ، «سول بۆرەك» (6 ـ ئورۇن) كە قويىدۇ. ئەڭ كېيىن قالغان قۇمۇلاقلارنى يەنە بىر ئارىلاشتۇرۇپ، «قۇمۇلاق ئۆكچىسى» دەپ ئاتاپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئوڭ قول تەرەپتىكى بۆلەكنى تۆتكە بۆلۈپ، «ئوڭ بوسۇغا» (7 ـ ئورۇن) غا، ئوتتۇرىدىكىنى «قۇمۇلاق تۇغۇرى» (قۇيرۇقى) (8 ـ ئورۇن) غا، چەتتىكى بۆلەكنى يەنە ئايرىپ «سول بوسۇغا» (9 ـ ئورۇن) غا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلاق بۆلۈش ئاخىرلىشىدۇ.

ھەر قايسى كاتەكچىلەرنىڭ نامى:

| | | |
|---|---|---|
| 3 | 2 | 1 |
| 6 | 5 | 4 |
| 9 | 8 | 7 |

1. ئوڭ قاپاق ياكى ئوڭ چېكە 2. قۇمۇلاق ماڭلىيى ياكى بېشى 3. سول قاپاق ياكى سول چېكە 4. ئوڭ بۆرەك ياكى ئوڭ بىقىن 5. قۇمۇلاق يۈرىكى 6. سول بۆرەك ياكى سول بىقىن 7. ئوڭ بوسۇغا 8. تۇغۇر ياكى قۇشقۇن 9. سول بوسۇغا

ئۇنىڭدىن سىرت، قۇمۇلاق كاتەكچىلىرىنىڭ ھەربىر رەتتىكى ئۈچ كاتەكچىسىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىسمى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئۈستىدىكى توغرا يۆنىلىشلىك ئۈچ كاتەكچە: قۇمۇلاق بېشى؛

ئوتتۇرىدىكى توغرا يۆنىلىشلىك ئۈچ كاتەكچە: قۇمۇلاق يۈرىكى؛

ئاستىدىكى توغرا يۆنىلىشلىك ئۈچ كاتەكچە: قۇمۇلاق ئۆكچىسى، قۇمۇلاق تاپىنى ياكى ئايىغى؛

ئوڭ تەرەپتىكى تىك ئۈچ كاتەكچە: قۇمۇلاقنىڭ ئوڭ قانىتى؛

ئوتتۇرىدىكى تىك ئۈچ كاتەكچە: قۇمۇلاق مەركىزى؛

سول تەرەپتىكى تىك ئۈچ كاتەكچە: قۇمۇلاقنىڭ سول قانىتى؛

قۇمۇلاقنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىمۇ بەزى ئېرىملىك قائىدىلەر مۇقىملاشقان. شۇ قائىدە بويىچە قۇمۇلاقنىڭ مۇنداق تۈرلىرى بار بولىدۇ:

**ئىرىم قۇمۇلاق:** 1. «خىزىرغا ئېغىشلاپ نەزىرە بېرىدىغان كۈنى (يەنى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) ئەتىگەندە قار ئۈستىدە قۇمۇلاقچى قۇمۇلاقلارنى چېچىپ ھاۋارايىنىڭ مۆلچەرلەيدۇ. ئەگەر قار ئۈستىدە قۇمۇلاق چېچىلىپ كەتسە، ئۇنداقتا ئەتىياز كېيىن كېلىدۇ. بارماق بويىچىلىك يېتىپ كەتسە ياز بالدۇر كېلىدۇ. 2. كۈن بىلەن تۈن تەڭلىشىپ ئاسماندىن نۇر ياغقان كۈنى، كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ «كۆك تەڭرى نېمە دەيدىكەن؟»، «پادىشاھلار نېمە دەيدىكەن؟»، «ئەرۋاھلار نېمە دەيدىكەن؟» دەپ قۇمۇلاقچى قۇمۇلاقنى ئۈچ رەت چېچىپ سالىدۇ.

**بىر تارتار قۇمۇلاق:** كۆتىبار باتۇرنىڭ بىر تارتار قۇمىلىقى. بۇ يېغىلىق بولغان دەۋرلەردە تارتىلىدىغان قۇمۇلاقتۇر. بۇ قۇمۇلاق ئۈچكە بۆلۈنمەي، بەلكى تەڭ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ھەم ئوڭ قول تەرەپتىكى بۆلەك تۆتكە بۆلۈپ چىقىلىدۇ. ئەگەر سول تەرەپتە بىر سان قالدۇق قالسا ئۇنداقتا جورۇقتا ماڭىدۇ. ئەگەر ئىككى قالدۇق قالسا، ئۇنداقتا جورۇقتا چىقمايدۇ، دېيىلىدۇ.

**چاچما قۇمۇلاق:** قۇمۇلاقنى بۆلۈپ ئايرىپ ئولتۇرماي، قىرىق بىر قۇمۇلاقنى ئىشكىتىن ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە قارىتىپ چېچىۋېتىپ جورۇيدىغان قۇمۇلاق.

قۇمۇلاقچىلار قۇمۇلاق پالى سېلىشقا ئادەتتە چوڭ قويلارنىڭ قۇمۇلىقى (يەنى مايىقى) نى تاللاپ ئالىدۇ. قوينىڭ قۇمۇلىقى بولمىغان ئەھۋالدا، سىلىق تاش، نوقۇت، پۇرچاق، قوناقلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ. ئەمما تۈركىي قوۋملەر قۇمۇلاق پالىغا قوي قۇمۇلىقى ئەۋزەل، دەپ قارىغاچقا، كۆپىنچە قوي مايىقى (قۇمۇلىقى) ئىشلىتىلىدۇ، ھەم بۇ پال شەكلىنىڭ نامىمۇ قوي قۇمۇلىقىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدۇ. تۈركىي خەلقلەردە قۇمۇلاق ئېچىشتا پايدىلىنىدىغان قىرىق بىر قۇمۇلاق تۈرلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئاتالغۇلىرى قېلىپلاشقان:

**1. قۇمۇلاق بېشى:** بۇ كەڭ مەنىدە قۇمۇلاق كاتەكچىسىنىڭ ئۈستۈنكى بىر رەت ئۈچ كاتەكچىنى، تار مەنىدە قۇمۇلاق كاتەكچىسىنىڭ ئۈستۈنكى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كاتەكچىنى كۆرسىتىدۇ. قۇمۇلاقنىڭ قۇمۇلاق بېشىغا جۈپ ياكى تاق بولۇپ چۈشۈشىگە قاراپ، ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەقسىتى ئورۇنلىنىدىغانلىقى ياكى ئورۇنلانمايدىغانلىقى، ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇچرايدىغان بەخت بىلەن رەنج، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قۇمۇلاق كاتەكچىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە چۈشكەن پاللارنىڭ ئىزاھى تۆۋەندىكىدەك:



«قۇمۇلاق قاپىقى» : قۇمۇلاق بېشىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈرلىرى. قۇمۇلاق بېشىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى «ئوڭ قاپاق»، «ئوڭ چېكە»؛ سول تەرەپتىكىسى «سول قاپاق»، «دۈشمەن چېكە»، «دۈشمەن بېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇمۇلاقچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «قۇمۇلاق چېكىلىرىنىڭ تاق ياكى جۈپ بولۇپ بۆلۈنىشىگە قاراپ قۇمۇلاق سالدۇرغان ئادەمنىڭ دەل شۇ ۋاقىتتىكى كۆڭۈل ھالىتىنىڭ خۇشال ياكى رەنجىلىك ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.



«ئوڭ قاپىقى ئايرىلىش» : قۇمۇلاقنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشىغا قاراپ، قۇمۇلاق تىزىقىنىڭ ئوڭ قاپىقىغا بىر تال قۇمۇلاقنىڭ چۈششى. ئۇنى «تەلىيى يۇقىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ. قۇمۇلاق مۇشۇنداق ئورۇنلاشسا، قۇمۇلاق سالدۇرغان ئادەمنىڭ دەل شۇ ۋاقىتتىكى كۆڭۈل ھالىتى خۇشال، دۈشمىنىدىن تەلىيى ئۈستۈن بولىدۇ، دېيىلىدۇ.



«ئوڭ قاپىقى قىيىشقان (ئۇيۇشقان)» : قۇمۇلاقنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشىغا قاراپ، كاتەكچىدىكى ئوڭ چېكىگە ئىككى تال قۇمۇلاقنىڭ كېلىشى. بۇنداق ئەھۋالدا قۇمۇلاق تارتتۇرغان كىشى بىراۋغا ئاچچىقلىنىپ كەلگەن. ئۆي ئىچىدە ئۇرۇش - جاڭجال بولغان. ئۇنىڭغا خۇدا بەرسە كېرەك، دېيىلىدۇ.



<u>«ئولڭ قاپىقى قاتقان»:</u> ئولڭ چىكىگە تۆت تال قومۇلاقنىڭ چۈشۈشى. بۇ شەكىلدە قومۇلاق ئاچتۇرغۇچى. ئىغىر ئوي ئۈستىدىدۇر. ئۇ كۆپ ئازاپ چەككەن ئادەمدۇر. ئۇنىڭدا خۇدا بىرەر، دەپ جورۇلىدۇ.



<u>«ئولڭ قاپىقى تارتىش»:</u> قومۇلاقنىڭ ئولڭ قاپاقتا ئۈچ تال بولۇپ ئايرىلىشى. بۇنداقتا قومۇلاق ئاچتۇرغۇچىنىڭ قايغۇسى يوق، قارنى توق، دۈشمىنىدىن تەلىيى تىخىمۇ ئۈستۈن، دىيىلىدۇ.



<u>«دۈشمەن بېشى»:</u> قومۇلاقنىڭ سول چىكىسىگە بىر تال ياكى ئۈچ تال بولۇپ چۈشىشى. بۇنداقتا قومۇلاق تارتتۇرۇشقا كەلگەن ئادەمنىڭ دۈشمىنى ئۆزىدىن كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىناشماي، هازىرچە ئىشنىڭ كەلگۈسىنى كۈتكىنى ئەۋزەل، دەپ مەسلىهەت بېرىلىدۇ.



<u>«قومۇلاق ماڭلىيى»:</u> قومۇلاق بېشىنىڭ ئوتتۇرىدىكى توپنىڭ نامى. «قومۇلاق ماڭلىيى» كەلگۈسى دىگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەكىل ئارقىلىق كىشى كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىش ـ هەرىكەت هەققىدە خەۋەردار بولالايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.



<u>«قەمبەرنىڭ قارا قاشقىسى»:</u> قومۇلاق ماڭلىيىغا بىر تال قومۇلاقنىڭ كېلىشى. بۇنداقتا، قومۇلاق سالدۇرغۇچىنىڭ ئالدىدا ئولجا كۈتۈپ تۇرار، يول يۈرسە بەش يورغا مىنىپ قايتىدۇ، دىيىلىدۇ.



«ماڭلىيى قېيىشقان (ئۇيۇشقان)»: قۇمۇلاق كاتەكچىسىنىڭ ماڭلىيىغا ئىككى قۇمۇلاقنىڭ بۆلۈنۈشى. پال بۇنداق چۈشسە، پال ئىگىسىنى ئېغىر ئوي قىيناپ تۇرار، ئۇمۇمەن يولى ئېغىر، ئالدىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان توسالغۇ بار، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.



«ماڭلىيى ئوچۇق»: قۇمۇلاق ماڭلىيىغا ئۈچ تال قۇمۇلاقنىڭ ئايرىلىشى. قۇمۇلاقلار مۇشۇ تەرتىپتە ئورۇنلاشسا، پال ئىگىسى ماڭلىيى ئوچۇق، كۆڭلى خۇش، ئويلىغىنى ئورۇنلىنىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ.



«پېشانىسى بەشتىن چۈشۈش»: قۇمۇلاقنىڭ قوش قاپىقىغا ئىككى - ئىككى تالدىن، ماڭلىيىغا بىر تالدىن بولۇپ، قۇمۇلاق بېشىغا جەمئىي بەش قۇمۇلاقنىڭ چۈشۈشى. بۇنىڭدا ئاغزىڭ قۇلىقىڭغا يېتەر، ئالدىڭدا بۆشۈكتىكى بالىغا قەدەر خۇشال بولىدىغان كۈن كۈتمەكتە، دەپ جورۇلىدۇ.



«پەيغەمبەرنىڭ قارا قاشقىسى»: قۇمۇلاقنىڭ قوش چېكىسىگە بىر - بىر تالدىن، ماڭلىيىغا ئۈچ تال بولۇپ بۆلۈنۈشى. قۇمۇلاق بېشىنىڭ جەمئىي سانى بەش. بۇ قۇمۇلاق ئۆزىنىڭ دەرىجىسى تەرىپىدىن «ئاچماس ئەلق» بىلەن تەڭ سانىلىدۇ. چۈنكى، بۇ قۇمۇلاقنى «دۇنياغا ئوڭ ئايىغىڭ بىلەن كەلگەن ئىكەنسەن. ھەممىسى ياخشى» دەپ داۋاملاشتۇرۇپ سالماي يىغىۋالىدۇ. يېغىلىق زامانىدا قۇمۇلاقتا «پەيغەمبەرنىڭ قارا قاشقىسى» چۈشكەن كۈنى جورۇقتا ماڭىدۇ، جەڭدىن يېڭىپ قايتار ئىكەن.



«ئاچماس ئەلق» (كونا قۇمۇلاق): قۇمۇلاق بېشىنىڭ ھەر كاتەكچىسىگە ئۈچ - ئۈچتىن توققۇز قۇمۇلاقنىڭ بۆلۈنۈشى. قۇمۇلاق ئاچتۇرغاندا قۇمۇلاق بېشىغا «ئاچماس ئەلق» چۈشسە، پالچى قۇمۇلاقنى داۋاملىق تارتماي، «بارى ياخشى بولىدۇ» دەپ يىغىۋالىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى «ئاچماس ئەلقنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاچىمەن» دېسە، ئۇنداقتا قۇمۇلاقچى ئاچماس ئەلق بولغان قۇرنى «تىل - كۆزدىن ساقلىسۇن» دەپ بىر سىزىق بىلەن تەڭ ئىشارەت ھالىتىدە سىزىش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ياكى ئۇنى باشقا قۇردىن چىقىپ، يىپ ياكى ئوت (چۆپ) قويۇپ ئايرىپ تاشلايدۇ. قۇمۇلاقنى تۇرگە ئايرىشى پەقەت شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ ئاچىدۇ.



«ماڭلىيى يېپىق» : قۇمۇلاق ماڭلىيىغا تۆت تال قۇمۇلاقنىڭ ئايرىلىشى. كەلگۈسى يوق، ماڭلىيىنىڭ شورى بەش ئىلىك ئادەمگە چۈشىدۇ.

## 2. قۇمۇلاق يۈرىكى:



قۇمۇلاق يۈرىكى — كەڭ مەندە ئوتتۇرا توغرا رەتتىكى ئۈچ كاتەكچىنى، تار مەندە قۇمۇلاق كاتەكچىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىدىكى كاتەكچىنى كۆرسىتىدۇ. پالچى قۇمۇلاق يۈرىكىنى «ئادەم تەقدىرىنىڭ ئالتۇن تۈۋرۈكى» دەپمۇ ئاتايدۇ. قۇمۇلاق كاتەكچىسىدىكى بارلىق ئوي يۈرەككە تۇتىشىدۇ، مۇشۇ يۈرەك ئارقىلىق ئۈز يېشىمىنى تاپىدۇ. بۇ ئادەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ياخشى بىلەن ياماندىن، ساقلىق بىلەن كېسەلدىن، ئۆلۈم بىلەن ئۆمۈردىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قۇمۇلاق كاتەكچىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە چۈشكەن پاللارنىڭ ئىزاھى تۆۋەندىكىدەك:



«قۇمۇلاق بۆرىكى» : قۇمۇلاق بۆرىكى يەنە «قۇمۇلاق بېقىنى» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ قۇمۇلاق يۈرىكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى كاتەكچىدۇر. يۈرەكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى «ئوڭ بېقىن»، سول تەرىپىدىكىسى «سول بېقىن» دەپ ئاتىلىدۇ. پالچى ئىككى بېقىننى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق قۇمۇلاق ئاچتۇرغۇچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئادەمنىڭ بىر - بىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە خىراجىتى توغرىسىدا، ئاغرىق - سىلاقلىرى ئۈستىدە ھېكايە قىلىدۇ.



«ئاچ بۆرەك (ئاچ بېقىن) » : ئوڭ بۆرەككە بىر تال قۇمۇلاقنىڭ كېلىشى. ئادەمدىن بىر تەرەپتىن خىراجەت، ئىككىنچى تەرەپتىن كېسەللىك قىستاپ، دۈشمىنىنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشىدۇ. تالاشماي ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈش كېرەك، دەپ ئىزاھلىنىدۇ.



«ئولۇغ بېقىنى توق»: ئولۇغ بۆرەككە ئۈچ ياكى تۆت تال قۇمۇلاقنىڭ بۆلۈنۈشى. مۇنداقتا، پال ئىگىسى بېقىنى توق، قايغۇسى يوق، دۈشمىنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆم، ئۆزى ھۆرمەتلىك ئادەمدۇر، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.



«ئاچ بېقىنىدىن تېگىش»: سول بۆرەككە ئۈچ تال قۇمۇلاقنىڭ ئورۇنلىشىشى. دۈشمىنى كۈچلۈك، ئىرادە قىلىسىلا يېڭىدۇ، كۆرەشسە ئۇتتۇۋالىدۇ، ئېيتىشسا يول ئېلىپ كېتىدۇ (يېڭىدۇ)، دېيىلىدۇ.



«يۈرىكى سۆيۈنۈشتى»: قۇمۇلاق يۈرىكىگە بىر ياكى ئۈچ تال قۇمۇلاقنىڭ چۈشۈشى. قۇمۇلاقلار مۇشۇنداق ئورۇنلاشسا، پال ئىگىسىگە «ئوت بېشىڭ (ئۆيۈڭ) ئامان، كۆڭۈل ھالىتىڭ ياخشى، ئامىتىڭ ئۈستۈن، ئالدىڭدا بەخت كۈتۈپ تۇرار»، دەپ جورۇلىدۇ.



«يۈرىكى قايغۇغا تولدى»: قۇمۇلاق يۈرىكىگە ئىككى ياكى تۆت تال قۇمۇلاقنىڭ بۆلۈنۈشى. بۇ قۇمۇلاق شەكلى ئاپەتتۇر. رايى يېنىپ، ئالغا باسقان قەدىمى كەينىگە كېتىپ بارغان ئادەمگە چۈشىدۇ، خۇدا بېرەر، دەپ جورۇلىدۇ ۋە تىلىنىدۇ.



«قۇمۇلاقنىڭ توغرىسىغا چۈشۈشى»: قۇمۇلاق تىزىقىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدىن ئالغاندا ئىككىنچى قاتارنىڭ تەڭ جۈپ بولۇپ چۈشۈشى. بۇ قۇمۇلاق كېسەل كىشىگە ئاتاپ سېلىنسا، ئۇ ئادەم ئۆلۈشى مۇمكىن. ياش بالىغا چۈشسە ئۇنداقتا ئۇ بالىغا بىراۋنىڭ تىل - كۆزى تېگىشى مۇمكىن، دەپ جورۇلىدۇ.

### 3. قومۇلاق ئۆكچىسى (تاپىنى):



قومۇلاق تىزىقىنىڭ توغرىسىدىن ئالغاندا ئەڭ ئاستىدىكى قاتارنىڭ نامى. بۇ، ئادەم ئەمگەكنىڭ نەتىجىسىدىن، ئىش-ھەرىكىتىنىڭ خۇلاسىسىدىن مەلۇمات بېرىدىغان پال، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قومۇلاق كاتەكچىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە چۈشكەن پاللارنىڭ ئىزاھى تۆۋەندىكىدەك:



«قومۇلاق بوسۇغىسى»: قومۇلاق ئۆكچىسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى تۆرلىرى. بۇ يەنە «قومۇلاق». ئايغىمۇ دېيىلىدۇ. قومۇلاقچىلار تىلىدا «بوسۇغاڭ ئۆز ئۆيۈڭ، ۋەتىنىڭ ئۆز ئۆيۈڭ» دېيىلىدۇ. قوش بوسۇغا ئارقىلىق ئۆي ئىگىسى، ئەل ئىشى، ۋەتىنىدە بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەردار بولۇش بىلەن بىللە، بىر ياقتا يول يۈرىدىغان ياكى يۈرمەيدىغىنىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ.



«ئوڭ بوسۇغىسى چىڭ»: قومۇلاقنىڭ ئوڭ بوسۇغىغا ئىككى ياكى تۆت تال بولۇپ بۆلۈنۈشى. بۇنداق چۈشكەندە ئۆي ئىشلىڭ ئامان، ئاغرىق سىلاقتىن خالىي، ۋەتىنىڭ مۇستەھكەم، ھازىرچە يول يۈرمەيسەن، دەپ جورۇلىدۇ.



«بوسۇغىدىن كېتىش»: ئوڭ بوسۇغىغا قارىغاندا سول بوسۇغىغا قومۇلاقنىڭ كۆپ بولۇپ بۆلۈنۈشى. بىر ياقتا يول يۈرىسەن. قوشقۇنىڭ كۆتۈرۈلىپتۇ. ئايغىڭ ئۆزگەرگەندەدۇر. ئەگەر شۇ قومۇلاقنى قىز بالا ئاچتۇرسا ئۇندا كۆپ ئۆتمەي تورمۇشقا چىقىدۇ، دېيىلىدۇ.



«ئوڭ ئايغى بوسۇغىنى ئاتلىدى»: قومۇلاقنىڭ ئوڭ بوسۇغىغا سان تەرەپتىن كۆپ بولۇپ ئورۇنلىشىشى. يېقىن ئارىدا يول يۈرمەيسەن. ئۆيۈڭگە مېھمان كېلىدۇ. ئەگەردە بالاغەتكە يەتكەن ئوغلۇڭ بولسا كېلىن چۈشۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلىنىدۇ.



«قومۇلاقنىڭ چېچىلىپ چۈشۈشى» : قومۇلاقنىڭ قوش بوسۇغىغا بىر بىر تال، قوشقۇنىغا ئىككى تال بولۇپ ئايرىلىشى. بۇ قومۇلاق ئاغرىق ئادەمگە چۈشسە، ئۇ ئادەمنىڭ جېنى كۆپ ئۆتمەي كۆككە ئۇچىدۇ. ساق ئادەمگە ئېچىلسا ئۇ كىشى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئىشىتمىگەن ياقىقا كۆچۈپ كېتىدۇ، دېيىلىدۇ.



«رامىزاننىڭ ئون ئىككى قومۇلىقى» : قومۇلاق ئايغىنىنىڭ ھەربىر تۇرىگە تۆت - تۆتتىن ئون ئىككى قومۇلاقنىڭ چۈشۈشى. بۇ ئىنتايىن ئاز چۈشىدىغان قوملاق. كۆپىنچە ئىزدىنىپ تۇرىدىغان، پىكىر قىلىپ تۇرىدىغان ئادەمگە چۈشىدۇ. بۇ پال كىشىنىڭ ئالدىدىكى مەقسىتى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، بەربىر ئورۇنلىنىدۇ، دەپ ئىزاھلىنىدۇ.

«قومۇلاق قوشقۇنى» : بۇ قومۇلاق ئۆكچىسىدىكى ئوتتۇرىقى توپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە «قوشقۇن - مېھمان خەۋەرچىسى» دېگەن ماقال بار. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قومۇلاق كاتەكچىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە چۈشكەن پاللارنىڭ ئىزاھى تۆۋەندىكىدەك:



«قوشقۇنى مەھكەم» : قومۇلاقنىڭ ئىككى بوسۇغىغا تەڭدىن بۆلۈنۈشى. يول يۈرمەيسەن. قومۇلاقلار كاتەكچىلەرگە مۇشۇنداق چۈشسە، پال ئىگىسىگە ئۆيىڭگە مېھمانمۇ كەلمەيدۇ، دەپ جورۇلىدۇ.



«قوشقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشى» : قومۇلاقنىڭ سول بوسۇغىغا ئوڭ بوسۇغىغا قارىغاندا كۆپ بولۇپ ئايرىلىشى. بۇنىڭدا پال ئىگىسىگە يول يۈرسەن، دەپ جورۇلىدۇ.

### 4. قومۇلاقنىڭ ئوڭ قانىتى:

قومۇلاق كاتەكچىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تىك يۆنىلىشلىك ئۈچ كاتەكچىنىڭ نامى. ئوڭ قاناتتىن ئۆي ئىچى، ئۆي ئىشى، ۋەتەن - ئەلنىڭ باشقۇرغۇچىسى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قومۇلاق كاتەكچىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە چۈشكەن پاللارنىڭ ئىزاھى تۆۋەندىكىدەك:

www.uyghurkitap.com



<u>«ئۈچ بۆرى» :</u> قۇمۇلاقنىڭ ئولڭ قانىتىدىن بىر بىردىن ئۈچ، ياكى ئۈچ ئۈچتىن توققۇز قۇمۇلاقنىڭ ئايرىلىشى (سۈرەتكە قاراڭ). ئۈچ بۆرى چۈشكەن ئادەم ئاددىي كىشى ئەمەس، ئەرۋاھلىق كىشى، دەپ ھېسابلىنىدۇ. «ئۈچ بۆرى»نى ئاق دېگىننىڭ ئالقىش، «قارا» دېگىننىڭ قارغىش بولىدۇ، ئېيتقىنىڭ كېلىدۇ، تىلىگىنىڭ بولىدۇ. ئالەمنىڭ تۆت تەرىپىگە سەپەر قىلساڭمۇ يولۇڭ بولىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ.



<u>«قوتان» :</u> قۇمۇلاقنىڭ ئولڭ قانىتىغا ئومۇمىي سانى ئالتە قۇمۇلاقنىڭ چۈشۈشى. قوتان چۈشسە ئالسەن، دەپ جورۇلىدۇ.



<u>«يېتىشكەن (كامالەت) نىڭ يەتتىسى» :</u> قۇمۇلاقنىڭ ئولڭ قانىتىغا ئومۇمىي سانى يەتتە قۇمۇلاقنىڭ بۆلۈنۈشى. بۇنداق چۈشسە كۆرۈشسە ئۆتىدۇ، ئېيتىشسا يېگىدۇ، يول يۈرسە ئولجىلىق بولىدۇ، دېيىلىدۇ.



<u>«ئويلىغىنى كېلەر» :</u> قۇمۇلاقنىڭ ئولڭ قانىتىغا ئون قۇمۇلاقنىڭ بۆلۈنىشى. بۇنداقتا، ئويلىغان ئويى ئورۇندىلىدۇ، دەپ يېشىلىدۇ.

## 5. قۇمۇلاق مەركىزى:

قۇمۇلاق كاتەكچىسىدىكى ئوتتۇرا تىك يۆنىلىشلىك ئۈچ كاتەكچىنىڭ ئومۇمىي نامى. قۇمۇلاقچىلار قۇمۇلاق مەركىزىنى «ياخشىلىقنىڭ ئىشىكى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قۇمۇلاق كاتەكچىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە چۈشكەن پاللارنىڭ ئىزاھى تۆۋەندىكىدەك:



<u>«يول بېشى» :</u> قۇمۇلاق مەركىزىگە بىر بىردىن ئۈچ قۇمۇلاقنىڭ ئايرىلىشى. مۇشۇنداق چۈشسە بولسا كۆپ كېچىكمەي يول يۈرسەن، دەپ ئىزاھلىنىدۇ.



«ئىشىكتىن تۆرگە قەدەر سۆيۈنچە قۇمۇلاق»: قۇمۇلاق مەركىزىگە ئۈچ - ئۈچتىن توققۇز قۇمۇلاقنىڭ بۆلۈنۈشى. بۇنىڭدا ئالدىڭدا بەخت كۈتۈپ تۇرار، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**6. قۇمۇلاقنىڭ سول قانىتى:**

قۇمۇلاق كاتەكچىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى تىك يۆنىلىشلىك ئۈچ كاتەكچىنىڭ نامى. سول قانات دۈشمەن ھەققىدە سۆزلەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

«گەز چۈشۈش»: قۇمۇلاق تىزىقىنىڭ توغرىسىدىن ئالغاندا، ئوڭ تەرەپتىنمۇ ۋە سولدىنمۇ توغرىسىغا ئۆتىدىغان قۇمۇلاقنىڭ ئاتىلىشى. «گەز» ئادەمنىڭ بىراۋ بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى، نە خەت ياكى خەۋەر بولۇشى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

«ئوڭ گەز»: قۇمۇلاقنىڭ سول قاپاق، يۈرەك، ئوڭ تەرەپ بوسۇغىغا ئوخشاشلا جۈپ ياكى تاق بولۇپ ئايرىلىشى. بۇنداقتا، پال ئىگىسىگە بىرى بىلەن تېز ئارىدا ئۇچرىشىسەن، ياكى بولمىسا خەت ياكى خەۋەر كېلىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ.



«تاپاۋەتلىك»: قۇمۇلاقنىڭ ئوڭدىنمۇ ۋە سولدىنمۇ گەز چۈشۈشى، يەنى قۇمۇلاق تىزىقىدا ئوڭ گەز بىلەن سول گەزنىڭ ئوخشاش چۈشۈشى. بۇنداق ئەھۋالدا، يولى بار يىگىتكە ئوڭدىن ۋە سولدىن ئامەت كېلىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ.

«قوش تاپان»: قۇمۇلاق قاتارىنىڭ تېگىدىن ئالغاندا تۈز سىزىق بويىچە قۇمۇلاقنىڭ ئوخشاشلا جۈپ بولۇپ ئورۇنلىشىشى.

«قوش ئاغماس»: قۇمۇلاق كاتەكچىسىدە جۈپ ساندا چۈشۈپ، قۇمۇلاقنىڭ ئوڭى بىلەن سولىنىڭ بىردەك بۆلۈنۈشى. بۇنداقتا رەقىبلىرىڭ بىلەن دەرىجەڭ تەڭ، ئىككىڭ بىر بىرىڭگە تەڭمۇ تەڭ كېلىسەن، دەپ جورۇلىدۇ.

«چاڭ قونماس»: قۇمۇلاق بېشى بىلەن قۇمۇلاق مەركىزىنىڭ تەڭ تاق بولۇپ ئورۇنلىشىشى. بۇ بېشىغا بەخت، قولىغا دۆلەت قونىدىغان كىشىگە چۈشىدۇ، دېيىلىدۇ.



«يەتتە ئەلف»: قۇمۇلاق تىزىقىنىڭ مەركىزىدىن ماڭلىيىغا قەدەر ۋە ئوڭ قانىتىغا ئوخشاش بىردەك تاق قۇمۇلاقنىڭ ئايرىلىشى (سۈرەتكە قاراڭ). بۇ قۇمۇلاق ئېچىشتا ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە. شۇڭلاشقا «يەتتە ئەلف يەرگە چۈشمەيدۇ، يەرگە چۈشسىمۇ ئەرگە چۈشمەيدۇ» دېگەن ماقال پەيدا بولغان. بۇ قۇمۇلاق بەخت - دەرىجە قونىدىغان ئادەمگە، كۆرمىڭ ئادەم ئىچىدىن بىرەرىگە بىرەر رەت چۈشىدۇ. ئۇنداق ئادەم بەك كەم تۇغۇلىدۇ، دەپ ئىزاھلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قىرىق بىر قۇمۇلاق پالىنىڭ يۇقىرىدىكى تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە سېلىنىش ئۇسۇللىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ بىرقەدەر ئۇستۇن ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان پال شەكلى بولۇپ سانىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، خەلق ئارىسىدىكى پىشقان پالچىلار قىرىق بىر قۇمۇلاق پالىنى ئۆز ئەينى سېلىپ كەلگەن بولسا، ئادەتتىكىچە ماھارەت ئىگىلىگەن بىر قىسىم پالچىلار قىرىق بىر قۇمۇلاق پالىنىڭ ئاددىيلاشقان شەكلىنى قوللىنىپ پال سېلىپ كەلگەن. بىز بۈگۈنكى كۈندە كوچا - كويلاردا تاش، ئابدىمىلىك ئۇرۇقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن پال سېلىپ يۈرگەن كەسپىي پالچىلار ۋە كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە سېلىپ كېلىۋاتقان «قاتار پالى» دەپ ئاتىلىدىغان پالنىڭ ئەنە شۇ قىرىق بىر قۇمۇلاق پالىنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان شەكلىدۇر.

دەرۋەقە، قىرىق بىر قۇمۇلاق پالى بارچە پالچىلىق شەكىللىرىگە ئوخشاش، ئىنساننىڭ تۇتقىلى بولمايدىغان تەقدىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ بىر خىل شەكلى، تەقدىرنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ تىپىك ئىپادىسى بولۇپ، بۇ قەدىمدە پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدە كەڭ تەتبىق قىلىنغان. بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئېشىپ بېرىۋاتقان دەۋرلەردىمۇ مەلۇم دائىرىلەردە ھېلىھەم قوللىنىلماقتا. بىز قىرىق بىر قۇمۇلاق پالىدىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشلىرى، تەقدىر چۈشەنچىلىرى ۋە خۇراپىي ئىرىملىرى ھەققىدە ئاز - تولا ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە كەلگۈسىشۇناسلىق ۋە بېشارەتشۇناسلىق ھەققىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئاز - تولا بىخلىرىنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

پايدىلانمىلار:


1. ئابدۇقادىر ئىنان: «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، تۈركىيە تارىخ جەمئىيىتى، ئەنقەرە، 1986 - يىلى، تۈركچە.
2. چوقان. ۋەلىخانوف: «تاللانغان ئەسەرلەر»، ئالماتا، 1980 - يىل، قازاقچە.
3. ن. ۋەلىيوف: «سىرلىق يەتتىلەر»، ئالماتا، «يالقىن» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى.
4. ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى ئارىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۆرپ - ئادەت تەكشۈرۈشى داۋامىدا ئېرىشىلگەن ماتېرىياللار.


(ئاپتورلار: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

# ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ ھامىلە ۋە بوۋاق تەربىيىلەشتىكى ئادەتلىرى توغرىسىدا

(گۇما رايونىدىكى ھامىلە ـ بوۋاق تەربىيىسىدىكى ئادەتلەر ھەققىدە تەكشۈرۈش)

نۇرمۇھەممەت ئىسمائىل

پەرزەنت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىزباسارى، ئەجدادلار ھاياتىنىڭ داۋامـــــى. ئەجدادلار يېتەلمىگەن مەنزىلگە تۇغ ـ ئەلەم قادايدىغان ئۈمىد چىرىغى. پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئائىلىدە بىر ۋارىسنىڭ پەيدا بولۇشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مىللەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ھەربىر قورامىغا يەتكەن كىشى نىكاھ ـ ئائىلىدىن ئىبارەت تۇرمۇش شەكلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادىنى قالدۇرىدۇ ھەم بۇنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. شۇنداقلا پەرزەنتلىرىنىڭ ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسى ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. ھەربىر ئاتا ـ ئانا پەرزەنت ئانا قورسىقىغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپلا پەرزەنت ئۈچۈن ياشاشقا باشلايدۇ. ئۆز پەرزەنتىنىڭ ۋەتەن، خەلققە يارامىلىق، ئەل ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە بىلىمى ئارقىلىق ئەلنىڭ ئالقىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدىنىدۇ، تىرىشىدۇ. ئىنسانلار ئۆز تارىخىدا ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا رەڭگارەڭ پەرزەنت تەربىيىسى مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلارمۇ دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك قەدىمىي مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي خاسلىققا ئىگە ئىلغار پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىنـــى شەكىللەندۈرگەن.

تارىختىن بۇيان ئاتا ـ ئانىلىرىمىز يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇســـى ۋە پەرزەنت تەربىيىسىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ دۇنياغا ئۇلۇغ شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە. شان ـ شەرەپلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئۇلۇغ ئالىملارنى، تەڭداشسىز سەركەردىلەرنى، تونۇلغان سىياسىئونلارنى، مەشھۇر دۆلەت ئەربابلىرىنى تەربىيىلەپ، لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانا بولۇش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى، ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلدى. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

دەۋر ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇرلاردىكى پەرزەنت تەربىيىسىمۇ دەۋر، شارائىتقا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ، راۋاجلىنىپ كەلدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى، بىلىم ۋە ئۇچۇر ئاساسىغا قۇرۇلغان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكتىن، مىللىتىمىز كەسكىن رىقابەت ۋە ھايات ـ ماماتلىق سىنىقىغا دۇچ كەلدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئەجدادلار ئىزىنىڭ ۋارىسى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك رىقابەت ئالدىدا تەمتىرەپ قالماي، مەزمۇت قەدەم بىلەن ئالغا بېسىشى، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش ياكى قالالماسلىقى ئۇلارنىڭ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس تەربىيىلىنىشىگە باغلىق. شۇڭا پەرزەنت تەربىيىسى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئىلمىي، ئىلغار بولغان ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىپ داۋاملاشتۇرۇش، ئىلمىي بولمىغان، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان، خۇراپىي، فېئودال قاراش ئەكس ئەتكەن پەرزەنت تەربىيىسى ئۇسۇلىنى تېزدىن ئىسلاھ قىلىپ، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان، ئىلغار، مۇكەممەل پەرزەنت تەربىيىسى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش — شۇبھىسىزكى دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئايلاندى.

پەرزەنت تەربىيىسى سەنئىتىدىكى ئىلغار ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلمىي بولمىغان، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا يامان تەسىر بېرىدىغان پەرزەنت تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىلمىي، مۇكەممەل پەرزەنت تەربىيىسى سەنئىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدىكى پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت ئەنئەنىۋى ئادەتلەر، ئۆدۈم ۋە ئىرىملەر ھەمدە قائىدە ـ مۇراسىملارنى، ئادەتلەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشقا، رەتلەشكە، بۇلار ئۈستىدە ئىلمىي ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە «مېغىزىنى تاللاپ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش» پرىنسىپى بويىچە، ھەم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلغار بولغان پەرزەنت تەربىيىلەش سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ھەم ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەننىڭ پەرزەنت تەربىيىسى جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ئىجادىي ئاساستا قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. شۇ ئاساستا ھەم مىللىي خاسلىققا ئىگە ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە پەرزەنت تەربىيىسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

تۆۋەندە مەن ئۇيغۇرلاردىكى پەرزەنتلەرنى ھامىلە دەۋرى ۋە بوۋاقلىق مەزگىلىدىكى تەربىيىلەش ئادەتلىرىنىڭ خوتەن ۋىلايىتى گۇما رايونىدىكى ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

گۇما ناھىيىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەنى تەكلىماكان چۆلىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقانلىقتەك ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك شارائىتى بۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا بەزى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. گۇما خەلقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر شېخى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمىي ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بەزى ئۆزىگە خاس ئادەت ۋە ئۆدۈم قائىدىلەرنىمۇ ساقلاپ كەلگەن.

## بىرىنچى، ھامىلە تىلەش ئادىتى

گۇما رايونىدا تۇغماس ئاياللار ياكى توي قىلىپ بىر قانچە يىلغىچە ھامىلىدار بولالمىغان ئاياللار پەرزەنتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ھامىلە تەلەپ قىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئادەتلەر بار:

1. بېلىنى تېڭىپ ھامىلە تىلەش:

خەلق ئارىسىدا ھامىلە تىلىگۈچىلەرنىڭ بېلىنى تاڭىدىغان بۇۋۇملار بولۇپ، ئۇلار پەرزەنت تىلىگۈچى ئايالنىڭ گەۋدىسىنىڭ بەل قىسمىنى ئايلاندۇرۇپ، تۇخۇم، ئۇدىيان،

ئۆرۈك دەرىخىنىڭ يىلىمى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان دورىنى سۇۋاپ ئۈستىدىن داكا بىلەن چىڭ يۆگەپ تېڭىپ قويىدۇ. بۇ تېڭىق 3 كۈندىن كېيىن ئېلىۋېتىلىدۇ.

بۇ ئۇسۇل ئاياللارنىڭ ئاسان ھامىلە بولالماسلىقىنى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىسسىقلىق دورىلىرى بولغان ئۇخۇم، ئودىيان، ئۆرۈك يىلىمى قاتارلىقلار ئارقىلىق بالىياتقۇدىكى سوغۇقلۇقنى ھەيدەپ، بالىياتقۇ ئىقتىدارى كۈچەيتىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن كېڭىيىپ كەتكەن بالىياتقۇنى قورۇپ نورمال ھالىتىگە قايتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھامىلىدار بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ ئۇسۇل خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخي دەۋرلەردە تېبابەت ئىلمىدە ھەر جەھەتتىن ئىزدەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

2. ئاپەت سۈيى ئىچىپ ھامىلە تىلەش:

گۇما رايونىدا تۇغماس ئاياللار ياكى نىكاھلىنىپ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەن ئاياللار مولىلار ياكى بۇۋىلەرگە ئالما، لىگەن يۈزىگە ھامىلە تەلەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى يازدۇرۇپ، ئۇلارنى يامغۇر ياكى قار سۈيىدە چايقاپ ئىچىش ئارقىلىق خۇدادىن پەرزەنت تىلەيدۇ. ئالمىغا ئايەت يېزىشتا سىياھسىز قەلەمنىڭ ئۇچى بىلەن ئالما يۈزىگە ئويۇپ يېزىلىدۇ. لىگەنگە يېزىشتا يامغۇر ياكى قار سۈيىدە ئېرىتىلگەن زەپەردە قومۇش قەلەم ئارقىلىق يېزىلىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلدا ھامىلە تىلەش ئادىتى قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئاللاھ ياراتقان، پەرزەنت ئاتا قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش دەپ ئىشىنىدىغانلىقى؛ يەنە بىر تەرەپتىن يامغۇر بىلەن قارنىڭ زېمىنغا يېغىپ زېمىننى سۇغۇرۇپ، زېمىندا جانلىقلارنىڭ ياشىشىغا شارائىت ھازىرلىنىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ھاياتلىقنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغان سۇنىڭ يامغۇر ۋە قاردىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ھەم بۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

3. ئۇلۇغلار مازىرىنى زىيارەت قىلىپ بۇلاقتا ئۈزۈك تاشلاش ئارقىلىق ھامىلە تىلەش:

ئۆتمۈشتە پەرزەنت تىلەيدىغان ئاياللار گۇما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان باشلەڭگەر يېزىسىنىڭ يۇلچۇڭ دېگەن يېرىدىكى سۇلتانى ۋەيس مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، بۇ مازاردىكى چوڭ سۆگەتنىڭ غولىدىكى تۆشۈكتىن ئېقىپ چىققان ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇقتىن ھاسىل بولغان بۇلاققا ئۈزۈك تاشلاپ، ھامىلدارلىقنى تىلەش ئادىتى بولغان. سۇلتانى ۋەيس مازىرى بىر شەيخنىڭ مازىرى بولۇپ، مازاردا بىر تۈپ يانتۇ ئۆسكەن سۆگەت بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆگەتتىن ئۆسۈپ چىققان شاخلار يەر ئاستىغا ئۆزىراپ كىرىپ ئۇنىڭدىن يەنە يېڭى سۆگەتلەر ئۆسۈپ چىققان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۆگەتلەر كۆپىيىپ، 3، 2 مو يەرنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپ سۆگەتنىڭ ئادەم بويى كېلىدىغان جايىدىن ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىپ سۆگەت تۈۋىگە يىغىلىپ بىر بۇلاقنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بىر خىل سۈرلۈك مەنزىرە شەكىللەنگەن. يەرلىك كىشىلەر بۇنى «سۈت بۇلاق» دەپ ئاتايدۇ. ھەم ئۇنىڭدىكى ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى كېسەلگە شىپا دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخلەرگە، روھلارغا چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

### ئىككىنچى، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى ئادەتلەر

ئانىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى پۈتۈن ئائىلىنىڭ شادلىقى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئەزەلدىن خەيرلىك ئىش سۈپىتىدە تەنتەنە قىلىنىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ھامىلىنىڭ ساغلام،

پۇتۇنسۇرۇك يېتىلىپ، ساق - سالامەت تۇغۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ھامىلىدار بولغان ئانىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ئىستەپ، ھامىلىدارلىق مەزگىلىگە دائىر بىر يۈرۈش ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قەدىمدە كىشىلەر ھامىلىدار ئانىنىڭ تېنىدىكى بىر قاتار فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن چۈشەنچىلىرى نۇقتىسىدىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى ئادەتلەر قويۇق ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە دىنىي تۈسكە ئىگە بولغان. ھامىلىدارلىق مەزگىلدىكى ئادەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئېتىقاد ئادەتلىرى:

ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئانا بولغۇچى ئايەت يېزىلغان ئالمىنى يېسە، بالىسى چىرايلىق تۇغۇلىدۇ. چۇلاڭ (كۆزىنىڭ ئۈستىدە قاشسىمان پەيلىرى بار، قارا رەڭلىك كىچىك قۇش) گۆشى يېسە بالىسى چۇلاڭدەك قاشلىق بولىدۇ. كۈندە بىر دانە ياڭاقتا قورۇق ئۈزۈمنى قوشۇپ يېسە بالىسى ئەقىللىق بولىدۇ. ياڭاق بىردىن ئارتۇق بولسا بالىسى كۆكىرىپ قالغاندەك تۇغۇلىدۇ. قوناق تامىقىنى كۆپ يېسە بالىسى چاچلىق بولىدۇ. ھامىلە تەۋرىگەندە ئانىنىڭ قورسىقىغا تەپكەندە يەرگە قارىسا بالىسى يەردەك پاك، زېمىندەك ئۇلۇغ بولىدۇ. سۇغا قارىسا ئېقىن سۇدەك چاققان بولىدۇ. ئەينەككە قارىسا ئۆزىگە ئوخشاش بولىدۇ. قايناق سۈنى كۆپ ئىچسە بالىسى سۈزۈك تۇغۇلىدۇ. مۆتىدىل نەرسىلەرنى يېسە بالىنىڭ مىجەزى مۆتىدىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

2. پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەر:

گۇما رايونىدا كىشىلەر ئارىسىدا ئاياللار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئاچچىق يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك كېرەك، ئەگەر يەپ قالسا بالىسى ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ. توشقان گۆشى يېمەسلىك كېرەك، ئەگەر يەپ قالسا بالىسى توشقان كالپۇك بولۇپ قالىدۇ. تۆگە گۆشى يېمەسلىك كېرەك، ئەگەر يەپ قالسا قورساق كۆتۈرۈش ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىدۇ. قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچمەسلىك كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن بالىسى قارا تۇغۇلۇپ قالىدۇ. ھامىلىدار ئايال ئۆپكىگە قارىماسلىق كېرەك، قاراپ قالسا بالىسى ئاسان قىزىرىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ھامىلىدار ئايال بىر يەرگە بارسا چوقۇم بارغان يولى بىلەن قايتىپ كېلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن ھامىلىنىڭ كىندىكى ھامىلە بوينىغا يۆگىشىپ قېلىپ خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. ھامىلىدار ئايال مىس چۆگۈندە سۇ ئىچمەسلىك كېرەك، ئەگەر ئىچىپ قالسا ھامىلىنى مىسلىمىيان ئىسسىلىك ئالۋاستى يەپ كېتىدۇ. كۆل، ئەخلەت تۆككەن جايلارغا تەرەت قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا جىن - شاياتۇنلار ھامىلىگە زىيان سالىدۇ. تۇغۇت ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى يات كىشىلەردىن مەخپى تۇتۇش كېرەك، ئەگەر خەۋەرنى قانچە كۆپ ئادەم ئاڭلاپ قالسا، بوۋاق شۇنچە ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن تۇغۇلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش قاراشلار بار.

3. ھامىلىدار ئايالنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئادەتلىرى:

پەرزەنتىنىڭ ياخشى مىجەزلىك، خۇشچىراي ئادەم بولۇشى ئۈچۈن، ھامىلىدار ئانا ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشى، ئاچچىقلانماسلىقى، ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىلىك جايلاردا تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھامىلىنىڭ ياخشى يېتىلىپ، ئامان - ئېسەن تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ھامىلىدار ئانا باش ۋە قورساق قىسمىنىڭ زەربىگە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىشى، ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرمەسلىكى، ئولتۇرۇپ قوپۇش، يول يۈرۈشتە سىلىق سىپايە بولۇش قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئىستېمال قىلغان يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ ھامىلىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ناھايىتى

بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. شۇنداقلا ھامىلىدار ئايال ئىستېمال قىلغان يېمەك - ئىچمەك، پەرزەنتلەرنىڭ مىجەزى، چىرايى، خوي - پەيلىنى بەلگىلەيدىغان قاراشقا ئىشىنىپ، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە دىنىي تەسىردىن پەرزەنتلەرنىڭ مىجەز خۇلقى ۋە چىراي قىياپىتىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىكى ئىرسىي ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى يەكۈنلەپ چىققان «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن»، «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن ئىرسىيەت قانۇنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىمىغان. شۇڭا بۇ ئادەتلەر ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئۈچىنچى، بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئادەتلەر

ئەجدادلىرىمىز يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ ساغلام، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، بوۋاق تەربىيىسىگە دائىر بىر يۈرۈش ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. گۇما رايونىدا بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئادەت، قائىدە - مۇراسىملارنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1. بوۋاقنى پەرۋىش قىلىشتىكى ئادەتلەر

1) بوۋاقنىڭ كىندىكىنى قومۇشتا كېسىش

خەلق ئارىسىدا بوۋاقنىڭ كىندىكىنى قومۇشتا كەسمەي، تىغدا كەسسە، بوۋاق ئېنى يامان ئادەم بولۇپ قالىدۇ، دەيدىغان قاراش بولغاچقا، بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن تۇغۇت ئانىسى ياپىلاق قىلىپ تەييارلانغان قومۇش غولى بىلەن بوۋاقنىڭ كىندىكىنى ئۇزۇنراق قىلىپ كېسىدۇ، ئىككى، ئۈچ كۈندىن كېيىن بوۋاقنىڭ كىندىكىنى ئۈزۈك مېغىزىنى چالا كۆيدۈرۈپ تەييارلانغان ماي ياكى قوينىڭ قۇيرۇق مېيى بىلەن ياغلاپ قويىدۇ.

2) تۇنجى ئېمىتىشتىن بۇرۇن بوۋاققا مەسكە يېغى يېگۈزۈش

بوۋاق تۇغۇلۇپ كىندىكى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن پاختىنى نەمدەپ بوۋاقنىڭ بەدىنى تازىلىنىدۇ ۋە بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بالىغا ئازراق مەسكە يېغى (قوي سۈتىنىڭ قايمىقىدىن ئايرىۋېلىنىدىغان ماي) يىگۈزۈلۈپ، ئاندىن ئېمىتىلىدۇ.

3) بوۋاقنىڭ بېشىنى تېڭىش

بالىنىڭ بېشىنىڭ يۇمىلاق بولۇشى ھەم باش سۆڭەكلىرىنىڭ ياخشى تۇتۇشى، زەخىملىنىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، بوۋاق تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ قىرقى توشقۇچە بوۋاقنىڭ بېشى قېتىغا قارا قوينىڭ يۇڭى ياكى پاختا ئېلىنغان داكا بىلەن تېڭىلىدۇ. تېڭىش ئۇسۇلى مۇنداق: داكىنىڭ قېتىغا قارا قوينىڭ يۇڭى ياكى پاختا سېلىپ بوۋاق بېشىنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئوچۇق قالدۇرۇپ باشنىڭ ئەتراپىنى قولاق بىلەن قوشۇپ مۇۋاپىق چىڭلىقتا تېڭىلىدۇ. بۇ چاغدا قولاقنىڭ باشقا بەك يېقىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قولاقنىڭ كەينىگە پاختا قىستۇرۇلىدۇ. تېڭىق ئارىسىغا قارا قوي يۇڭى ئېلىنىشتا بالىنىڭ مىجەزىنىڭ ئىسسىق مىجەز بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، پاختا ئېلىنىشتا سوغۇق مىجەز بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

4) بوۋاقنى سېرىق قۇمدا زاكىلاش

گۇما رايونىدا بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەش ئاساسەن ئومۇملاشقان. بوۋاق تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغۇچە بوۋاقنىڭ زاكىسىغا سېرىق قۇم سېلىپ زاكىلاش گۇما رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان. بۇ خىلدىكى زاكىلاش ئۇسۇلى مۇنداق: كۈن نۇرى كۆپ چۈشىدىغان جايدىن ئېلىپ كېلىنگەن سېرىق قۇمنى تۆمۈر قاچىغا قۇيۇپ، ئوچاققا ياكى مەشكە قويۇپ قىزدۇرۇپ ئاندىن بۇنى تاسقىۋەتكەندىن كېيىن بوۋاقنىڭ كۆرپىسىگە تۆكىمىز. قۇم سوۋۇپ مۇۋاپىق ھارارەتكە كەلگەندە بالىنىڭ مەقئىتىگە پاختا قىستۇرۇپ ساغرىسىنى قۇمغا توغرىلاپ ياتقۇزۇپ كۆرپىنى ئورىغاندىن كېيىن، قۇر (زاكا بېغى) بىلەن بوۋاقنىڭ مۇرە قىسمىدىن باشلاپ

www.uyghurkitap.com

پاقالچىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە مۇۋاپىق چىڭلىقتا تاڭىمىز. بوۋاقنى زاكىلاشتا بەزى چاغلاردا كۆن ئۇرى تولۇق چۈشمىگەن جايىنىڭ تويىسىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بوۋاقنى قۇمدا زاكىلاشنىڭ پايدىسى شۇكى، قۇم ئىسسىتىلغانلىقى ئۈچۈن بوۋاق راھەت ھېس قىلىپ ئاسان ئۇخلايدۇ. بوۋاقنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتى قۇمغا سىڭىپ بالىنىڭ بەدىنى ھۆل بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ تېرىسى، يىرىڭلىرىنىڭ نەملىكتىن ياللۇغلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك قۇم بىلەن زاكىلىغاندا بالىنىڭ زاكىسىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا يەڭگۈشلەشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت قۇمنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرساقلا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دائىم داكا يۇيۇش ئاۋارىچىلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. سېرىق قۇمنىڭ يەنە قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش رولى بولغاچقا، بوۋاقنىڭ تېمەن، ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە پايدىلىق.

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا قۇم بىلەن بوۋاق زاكىلاشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى بىلگەن. ھەم بۇنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بوۋاقنى زاكىلاشتىن بۇرۇن قۇم قىزدۇرۇلىدىغان بولغاچقا، قۇم تەركىبىدىكى مىكرو ئورگانىزملار ئۆلۈپ، بوۋاققا زىيىنى بولمايدۇ. ھازىر يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادى تازا تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل زاكىلاش ئۇسۇلىنىڭ يەنىلا قوللىنىلىش قىممىتى بار.

2. بوۋاق تەربىيىسىدىكى جىسمانىي گۈزەللىك پەرۋىشى ئادەتلىرى

گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى. ئەجدادلىرىمىز پەرزەنتلىرىنى مۇئەييەن جىسمانى گۈزەللىك تەلىپى بويىچە تەربىيىلەش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) بوۋاقنىڭ بېشىنى تېڭىش ئارقىلىق دوقا ماڭلاي، سوقا باش، دەلدەڭ قۇلاق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان.

2) بالىنىڭ قول ـ پۇت سۆڭەكلىرىنىڭ تۈز ئۆسۈشى ئۈچۈن، بالىنى زاكىلىغاندا بالىنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى تۈز، رەتلىك قىلىپ ياتقۇزۇپ، چىڭراق زاكىلايدۇ.

3) پۇت سۆڭىكى ۋە بويۇن سۆڭەكلىرىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ تۈز يېتىلىشى ئۈچۈن ھەر قېتىم بوۋاقنىڭ زاكىسىنى يەشكەندە بوۋاقنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ يەرگە دەسسىتىدۇ.

4) بالىنىڭ قاڭشارلىق بولۇشى ئۈچۈن قاڭشىرىنى يېنىك چىمدىپ بېرىدۇ، بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ چوڭ، ياپىلاق بولۇپ قالماسلىقى، بۇرۇننىڭ ئىنچىكە بولۇشى ئۈچۈن بۇغدايىنى چايناپ مەلھەم قىلىپ بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇپ بېرىدۇ.

5) بوۋاقنىڭ قېشىنىڭ قارا ھەم قويۇق ئۆسۈشى ئۈچۈن، شاپتۇل مېغىزىنى چالا كۆيدۈرۈپ مېيىنى چىقىرىپ بوۋاقنىڭ قېشىغا سۈرىدۇ.

6) بوۋاق يىقىلىپ چۈشكەندە باش سۆڭىكى شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، توخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سوقۇلغان ئودىيان سۇۋالغان خوتەن قەغىزى بىلەن بوۋاقنىڭ بېشىنى چىڭ ئوراپ تاڭىدۇ.

3. بوۋاق تەربىيىسىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرى

ئەجداتلىرىمىز ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە دىنىنىڭ تەسىرىدە بوۋاق تەربىيىسىگە ئائىت بەزى ئېتىقاد ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

1) بوۋاقنى يەردىن ئېلىش ئادىتى

خەلق ئارىسىدا بالا تۇغۇلغاندا ئۇنى قانداق ئادەم يەردىن ئالسا ئۇنىڭ مىجەزى بالىغا ئۆتىدۇ دەيدىغان قاراش بار بولغاچقا، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئائىلىدىكى مىجەزى ياخشى، ئېغىر

بېسىق، خۇشچىراي، ھەرىلەن بوۋاقنى يەردىن ئېلىپ كۆرپىگە ياتقۇزىدۇ. شۇڭا خەلق ئىچىدە مىجەزى ياخشى بولمىغانلارنى «بۇنى قانداق ئادەم يەردىن ئالغان بولغىيتتى» دەيدىغان گەپ بار.

2) بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى

بوۋاق تۇغۇلۇپ تۇنجى قېتىم ئېمىتىشتىن بۇرۇن ئېغىزلاندۇرۇلىدۇ. بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ. ئالدى بىلەن بوۋاقنىڭ ئانىسىغا پىچاق تىغى چىشلىتىلىدۇ، ئارقىدىن ساي تۇزى يالىتىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۆيدىكى سۆزمەن، گەپ - سۆزى سىلىق - سىپايە ئادەمدىن بىرى «ئاغزىڭىز يۇمشاق بولسۇن» دېگەچ بوۋاققا ئاززاق مەسكە يېغى يېگۈزىدۇ، «سۆزىڭىز تاتلىق ئادەم بولۇڭ» دېگەچ ياڭاق مېغىزى، ئۈزۈم، قەنت قاتارلىقلارنى بالىنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزۈپ قويۇلىدۇ.

بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرغاندا ئانىسىنىڭ ئاغزىغا تىغ چىشلەتكۈزۈشتە بوۋاقنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ چىشىنىڭ چىڭ، ئاغرىمايدىغان بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. ساي تۇزى يالىتىشتا بوۋاقنىڭ بەدىنىگە يارا چىقمايدۇ دەپ قارالغان. بۇ ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىغلىق ئەسۋابلارغا ھۆرمەت بىلەن قاراش، تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا بايان قىلغان ئادەتلەردە ئىپادىلەنگىنى قارىماققا ناھايىتى ساددا، ئاددىي ھېسسىيات، ئارزۇ - ئۈمىد ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرلار بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ ئادەتلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادەم دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئۇنىڭدا ھېچقانداق مىجەز، خۇلق ۋە ئادەت بولمايدۇ، پەقەت ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدىلا تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىسىملار، ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە ئادەملەر تەسىر قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەر خىل مىجەز - خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

3) بوۋاقنى كىيىندۈرۈشتىكى ئادەتلەر

خەلق ئارىسىدا بوۋاق تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ تاكى قىرقى توشقۇچە بوۋاققا ياقىسىغ ئۇزۇن بوغقۇچ بېكىتىلگەن، يېڭى ئۇزۇنراق كۆڭلەك كىيگۈزۈش ئادىتى بار. بەزىلەر بۇ كۆڭلەكنى قىرقى كۆڭلەك دەپمۇ ئاتايدۇ. قىرقى كۆڭلەك ئادەتتە بوۋاقنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، بوۋاقنىڭ بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ رەختىدە تىكىلىدۇ، بوۋاققا بۇنداق كۆڭلەك كىيگۈزۈلسە، كۆڭلەكنىڭ يېڭى ئۇزۇن بولغاچقا بوۋاقنىڭ بارماقلىرى يەڭنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ - دە، بوۋاق يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ زەخىملەندۈرۈپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بوۋاققا ئۇزۇن بوغقۇچلۇق كۆڭلەك كىيگۈزۈشتە مۇنداق قاراش بار: قىيامەت كۈنى كىشىلەر پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە ئاتا - ئانىلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي دوزاخقا چۈشۈپ كەتسە، پەرزەنتلەر ئۆزلىرىگە بوۋاق ۋاقتىدا كىيگۈزۈلگەن ئۇزۇن بوغقۇچلۇق كۆڭلەكنىڭ بوغقۇچى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى دوزاختىن تارتىۋالىدۇ، كۆڭلەكنىڭ بوغقۇچى قانچە ئۇزۇن بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىلىدۇ.

بۇ ئادەت قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلەر دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا زور ئۈمىد باغلايدىغانلىقى، ئۇلارنى ئۆزلىرى داۋاملاشتۇرۇپ بولالمىغاننى داۋاملاشتۇرىدۇ، قىلالمىغاننى قىلىدۇ، ئاتا - ئانىلار مۈشكۈلچىلىكتە قالغاندا پەرزەنتلەر ئۇلارغا ياردەمدە بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىدەك پەلسەپىۋى

قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن.

4) بوۋاقنىڭ تىرنىقىنى ئېلىشتىكى ئادەتلەر

بوۋاقنىڭ تىرنىقى پەيشەنبە، جۈمە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كۈندۈزى پىچاقتا ئېلىنىپ، ئۆيىنىڭ دەرۋازا بوسۇغىسىنىڭ ئۆگچىكىگە سېلىنىدۇ. يۇقىرىقى كۈنلەردىن باشقا كۈنلەردە تىرناق ئالسا تىرناق ئىگىسى «قىزىل تىرناققا زار بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. قىزىل تىرناق ھامىلىگە قارىتىلغان بولۇپ، مەنىسى: پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر. تىرناقنى دەرۋازا بوسۇغىسىنىڭ ئۆگچىلىكىگە سېلىپ قويۇشتا ئاخىرقى زامان بولغاندا دەججال باستۇرۇپ كەلسە، تىرناق تاغقا ئايلىنىپ دەججالنى توسۇپ قېلىپ، ئائىلە ئەزالىرىنى دەججالنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالىدۇ دەيدىغان قاراش بار. تىرناق ئېلىشتىكى بۇ خىل ئادەتلەر قارىماققا قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەپتىنىڭ كۈنلىرىنى پەرھىزلىك كۈن دەپ ئايرىيدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا ياۋۇز كۈچلەرگە چىش - تىرناقلىرىغىچە ئۆچ بولۇش، ئۇلارنى يېقىن يولاتماسلىق، ياۋۇز كۈچلەردىن ئۆز يۇرت - ماكانىنىڭ دەرۋازىسىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىدىن ئىبارەت ئىدىيىسى ئەكس ئەتكەن.

5) بوۋاقنى ئىسرىقلاش ئادىتى

خەلق ئىچىدە قاتتىق يىغلاپ كەتسە كۆز تېگىپتۇ دەپ قاراپ بوۋاقنى ئىسرىقلايدىغان ئادەت بار. ئىسرىقلاش ئۇسۇلى مۇنداق: كەتمەن ياكى گۈرجەككە قويۇلغان چوغنىڭ ئۈستىگە ئارچا ياغىچى، ئادراسمان، يول چاۋىرىنى كۆيدۈرۈپ ئىس چىقىرىدۇ، بۇ چاغدا ئىسرىق سالغۇچى ئوڭ قولىغا تۇماق ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە ئىسرىقنىڭ ئىسىنى كىرگۈزۈپ «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن ئالدىم، ئىسرىق، ئىسرىق» دېگەچ بۆك ياكى تۇماقنىڭ ئىچىدىكى ئىسنى بوۋاقنىڭ بېشىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە بىر نەچچە رەت تەگكۈزىدۇ. ئىسرىقنىڭ كۈلىنى بولسا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆكىدۇ.

بوۋاق ئىسرىقلانغاندىن كېيىن يىغىسى پەسىيىپ قالىدۇ. ئاتا - ئانىلارمۇ بۇنىڭدىن تەسكىن تاپىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىسرىقلاش ئارقىلىق بوۋاققا تەگكەن يامان كۆز، يامان تىللار قوغلانغان بولماستىن، بەلكى ئادراسمان، ئارچا ياغىچى كۆيگەندە چىقارغان پۇراقلىق ماددىلار ۋە كاربون چالا ئوكسىد قاتارلىقلار بوۋاقنىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىسى ئارقىلىق قانغا ئۆتۈپ بوۋاقنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى پاسسىپ غىدىقلاپ ۋە تورمۇزلاپ بوۋاقنى تىنچلاندۇرۇپ يىغىسىنى پەسەيتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر كاربون چالا ئوكسىد بوۋاقنىڭ بەدىنىگە كۆپلەپ سۈمۈرۈۋېلىنسا قانىنىڭ ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچراپ بوۋاق بەدىنىگە ۋاقىتلىق ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، ئىسرىقلاش شامان دىنىنىڭ ئىس - تۈتەك ئارقىلىق يامان روھلارنى قوغلاش ئىدىيىسى سىڭگەن ئادەت بولۇشى مۇمكىن.

6) ئۇۋۇلاش ئادىتى

خەلق ئارىسىدا بوۋاق بەك يىغلاڭغۇ بولۇپ قالسا بوۋاققا كۆز تېگىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ قۇرۇتۇلغان تىلى، كۆز گۆھىرى، ئوق ئۇچى قاتارلىقلارنى ئازراق سۇ ئېلىنغان ئويۇق تاشقا سۈرۈپ تەمىنى چىقارغاندىن كېيىن ئويۇق تاشتىكى سۇنى ئوڭ قولىنىڭ بارمىقى بىلەن بوۋاقنىڭ پېشانىسى، ئىككى چېكىسى، قۇلاقنىڭ ئارقىسى، ئومۇرتقىسى، جەينەك بوغۇمى، قولىنىڭ ئالىقىنى، پۇتىنىڭ تاپىنى، تېقىمى قاتارلىق جايلارغا سۈرۈلۈپ، شۇ جايلار ئۇۋۇلىنىدۇ. ئۇۋۇلاش جەريانىدا «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن ئالدىم، مېنىڭ قولۇم ئەمەس، ھەزرىتى لوقمان ھەكىمنىڭ

قولى، يا داۋا، يا شىپا» دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل دىنى تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇۋاقنى ئۇۋۇلىغان چاغدا بۇۋاقنىڭ نېرۋىلىرى كۆپ تارقالغان جايلىرى، بوغۇملىرى ئۇۋۇلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ بۇۋاقنىڭ ساغلاملىقىغا مەلۇم پايدىسى بار.

7) بۇۋاقنى يامان روھلاردىن قوغداش ئادىتى

خەلق ئىچىدە بۇۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن بۇۋاق ياتقان جاينىڭ تېمىغا بۈركۈت، قارىچۇغىلارنىڭ چوڭ پەيلىرىنى قىستۇرۇپ قويىدىغان، بۇۋاقنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا پىچاق قويۇپ قويىدىغان، ئانا - بالا دائىم تۇرغان ئۆينىڭ تورۇسىغا قۇرئان قىستۇرۇپ قويىدىغان ئادەت بار. بۇنداق قىلىشتا يامان روھلارنىڭ، جىن - شاياتۇنلارنىڭ بۇۋاققا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇتېم دەۋرىدىكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىنىڭ خاسىيىتى ۋە قەھرىمانلىق دەۋرىدە باتۇرلارنىڭ تۆمۈر قوراللار بىلەن ۋەھشى ياۋۇز كۈچلەرنى يەڭگەنلىكىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئامان - ئېسەنلىك تىلەش، تىنچلىق ئىزدەشتەك ئېتىقادىنىڭ بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئىسلام دىنىدا ھايۋانات، تەبىئەتتىكى جىسىملار قاتارلىقلارغا چوقۇنۇش چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمدىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مەنىۋى ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بەزى كونا قاراش ۋە ئېتىقاد ئادەتلەردىن ۋاز كېچەلمىگەن. ئەكسىچە ئاشۇ قاراش ۋە ئېتىقادلىرىنى ئىسلام دىنىدىكى قاراشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

8) بۇۋاقنىڭ بويىنىنى تىكلىتىش ئادىتى

بۇۋاق تۇغۇلۇپ 20 - كۈنى بۇۋاقنىڭ بويۇن سۆڭىكىنىڭ تېزرەك قېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ، قوينىڭ بويىنى پىشۇرۇلۇپ گۆشىنى ئانىسى يەيدۇ، سۆڭىكى چوكىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بۇۋاقنىڭ بويىنىغا تەگكۈزۈپ قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن سۆڭەك چوكا بىلەن ئىشىك بېشىغا تىك قىلىپ قىستۇرۇلىدۇ. بۇ ئادەت بۇۋاققا بويۇن تىكلىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

4. بۇۋاقلىق مەزگىلىدىكى مۇراسىم ئادەتلىرى

تۇغۇلۇش ئىنسان ھاياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەل - جامائەت ئارىسىغا بىر ئەزانىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئۆز جەمەتىدە بىر ۋارىسنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ قانۇنلۇق بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - جامائەتكە ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن بۇۋاقلىق مەزگىلىگە دائىر بەزى مۇراسىملارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلاردىن ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىسىم قويۇشتىكى ئادەتلەر

بۇۋاق تۇغۇلۇپ 3 - كۈنى ياكى 7 - كۈنى ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: ئۇرۇق تۇغقانلار ۋە بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت چاقىرىلىدۇ. مېھمانلارغا تاماق تارتىلىپ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇۋاق ئانىسىنىڭ يېنىدىن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئىمام ياكى بىرەر پېشقەدەم كىشى ئىسىم قويىدۇ.

بالىلارغا ئىسىم قويۇشتا قۇرئان ۋە باشقا دىنىي كىتابلاردىن چىقىدىغان ئىسىملارنى قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم دىنىي كىتابلاردىن چىقىدىغان ئىسىملارنى قويسا بۇ ئىسىم ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. كۆپ قىسىم ئائىلىلەردە بالىسىغا قوش ئىسىم قويۇش، مەيلى ئوغۇل بالا بولسۇن ياكى قىز بالا بولسۇن ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خان» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاش (مەسىلەن: مەمەتئېلى خان، ئامىنىخان)، قىزلارغا «بۈۋى» سۆزى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنى قويۇش (مەسىلەن: بۈۋى پاتىمىخان، بۈۋى ھەجەرخان)

قاتارلىقلار گۈما رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

بالىلارغا قوش ئىسىم قويۇشتا بىر ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئىسمىنىڭ بىرىنچى سۆزى ياكى ئىككىنچى سۆزى ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى سۆزى ئوخشاش بولغان ئوغۇللار ئىسىملىرى: مەمەت ئېزىز، مەمەت ئېلى، مەمەت ئىمىن؛ قىزلار ئىسىملىرى: ئايگۈزەل، ئايىنىسا، ئايسۇلتان قاتارلىقلار؛ ئىككىنچى سۆزى ئوخشاش بولغان ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى: تۇرامەمەت، توختى مەمەت، نۇر مەمەت؛ قىزلارنىڭ ئىسىملىرى: تۇراننىسا، ھۆرنىسا، ھاۋانىسا قاتارلىقلار.

2) قىرقىنى چىقىرىش مۇراسىمى

بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 - كۈنى بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. گۈما رايونىدا بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش مۇراسىمى تۆۋەندىكىدەك باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ:

(1) قىرقى توقاچ يېقىش:

بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش مۇراسىمى ئۈچۈن ئالدى بىلەن پىيالىنىڭ ئېغىزچىلىك چوڭلۇقتا توقاچ يېقىلىدۇ. بۇ توقاچ قىرقى توقاچ دېيىلىدۇ. قىرقى توقاچ 40 دانە يېقىلىدۇ.

(2) قىرقى چېچىنى چۈشۈرۈش:

بوۋاقنىڭ قىرقى چىقىرىلىدىغان كۈنى قولى يېنىك ساتىراچ چاقىرتىلىپ بوۋاقنىڭ چېچى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ چاچ قىرقى چاچ دېيىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر بوۋاقنىڭ قىرقى چېچىنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋەتمەستىن ئازراق قالدۇرۇپ قويىدۇ، بۇ سېكىلەك چاچ دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشۈرۈلگەن قىرقى چاچ ساقلاپ قويۇلىدۇ.

(3) قىرقى سۈيىنى قۇيۇش:

بوۋاقنىڭ قىرقى چېچى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، مەخسۇس تەييارلانغان قىرقى سۈيى بىلەن بوۋاق يۇيۇلىدۇ. قىرقى سۈيى تۆۋەندىكىدەك تەييارلىنىدۇ: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان ھالقا، بىلەيزۈك قاتارلىق راست ماللار سېلىنىدۇ. ھەمدە ئازراق سۈ مېيى تېمىتىلىپ قاينىتىلىدۇ. قىرقى سۈيىگە ئالتۇن، كۈمۈشنى سېلىشتا بوۋاقنىڭ راستچىل ئادەم بولۇشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. قىرقى سۈيىگە سۈ مېيى تېمىتىشتا بوۋاقنىڭ بەدىنىنىڭ يۇمشاق، تېرىسىنىڭ سىلىق ئادەم بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بوۋاقنىڭ قىرقى سۈيى قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىرقى سۈيى ئۆگزىدىكى ئاپتاپ چۈشىدىغان جايغا چېچىلىدۇ.

(4) قىرقى توقاچنى بالىنىڭ بېشىدىن تۆكۈش:

بوۋاقتا قىرقى سۈيى قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزىدۇ. بوۋاقنىڭ مومىسى ياكى ئاپىسى قىرقى توقاچنى بوۋاقنىڭ كىيىمگەن يېڭى كىيىمىنىڭ ئىچىگە سېلىپ «رىسقىڭىز كەڭرى بولسۇن» دېگەچ توقاچنى بوۋاقنىڭ بېشىدىن تۆكىدۇ ۋە بۇ چاغدا بوۋاقنىڭ بېشى ۋە مۇرىسىدە تۇرۇپ قالغان توقاچ ساقلاپ قويۇلىدۇ. چۈشۈپ كەتكەنلىرىنى داستىخان بىلەن سىرتقا ئېلىپ چىقىلىپ مەھەللىدىكى كىچىك بالىلارغا بىردىن تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

(5) بوۋاقنى سىرتقا ئېلىپ چىقىش:

بوۋاقنىڭ بېشىدىن قىرقى توقاچ تۆكۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بوۋاقنىڭ دادىسى بىر كالىدەك ئاق يىپنى تەپكەن پېتى ئىشىكنىڭ تېشىغا چىقىرىدۇ. يىپنىڭ بىر ئۇچى ئۆيدە

قالدۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بوۋاقنىڭ دادىسى بوۋاقنىڭ بېشى بىلەن پۇتىنى تەڭ قىلىپ كۆتۈرۈپ «تىلىڭىز بىلەن ئايىغىڭىز تەڭ چىقسۇن، بىر ئۆمۈر ئاق يوللۇق ئادەم بولۇڭ» دېگەچ ئۆيدىن سىرتقا چىقىدۇ ھەمدە كاللەك يېپىنى تەپكەچ بوۋاقنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىدۇ ۋە بالىغا «ئايىغىڭىز چاققان ئادەم بولۇڭ» دەيدۇ. بوۋاققا سىرتتىكى ھەر خىل نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئاخىرلىشىدۇ.

قىرقىنى چىقىرىش مۇراسىمى ئەجدادلىرىمىزنىڭ 40 سانىنى مۇقەددەس سان دەپ بىلگەنلىكى ۋە نۇرغۇن ئىشلاردا 40نى ئۆلچەم قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

3) ئات توي مۇراسىمى

گۇما رايونىدا بالىلارنىڭ بۆشۈك تويى ۋە سۈننەت تويلىرى ئاساسەن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. لېكىن بوۋاقنىڭ قىرقى توشقاندىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئانىسى تەرەپتىكىلەر مۇۋاپىق بىر كۈندە بوۋاققا چوڭراق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەت بار. بۇ ئادەت «ئات تويى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئات تويىنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بوۋاقنىڭ قىرقى توشقاندىن كېيىن قۇدىلار مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق بىر كۈننى ئات تويى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە بېكىتىدۇ. بوۋاقنىڭ ئانىسى تەرەپتىكىلەر ئات تويىغا تەييارلىق قىلىدۇ. ئات تويىغا 3 كۈن قالغاندا ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، ئەل - جامائەتكە باغاق تارقىتىپ ئات تويىغا تەكلىپ قىلىدۇ. توي كۈنى بوۋاق بىلەن ئانا ئايرىم ئۆيدە تۇرىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ كىچىك بالىلىرى بۇ ئۆيگە كىرىپ تويلۇق نازۇ نېمەتلەردىن يېگەچ خۇشال - خۇرام ئوينىشىدۇ. يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ، مەھەللىدىكى جامائەتلەر تويغا كەلگەندىن كېيىن مەھەللە ئىمامى ياكى چوڭراق ئىمام بوۋاقنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر قېتىم قويىدۇ. مېھمانلار بوۋاقنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى مۇبارەكلەپ ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغانلىرىنى سوۋغا قىلىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلار داستىخانغا جەم بولۇپ توي تائاملىرىغا ئېغىز تېگىدۇ ۋە تىنچ - ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ. بوۋاقنىڭ ئانىسى تەرەپ تۇغقانلىرى بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ ئامان - ئېسەن بوشانغانلىقىنى، بوۋاقنىڭ تىنچ ئامان تۇغۇلغانلىقىنى مۇبارەكلەپ ئۆزلىرىنىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى داستىخانغا قويىدۇ. ئاخىرىدا بوۋاقنىڭ دادىسى تەرەپتىكى تۇغقانلار بوۋاق ۋە ئانىسىنى مۇبارەكلەپ كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى داستىخانغا قويۇپ، قۇدىلارغا ۋە بوۋاقنىڭ ئانىسىغا تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار داستىخان تارقىغاندىن كېيىن ئانا بىلەن بوۋاقنى دادىسى تەرەپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئات تويىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز تارىختا پەرزەنت تەربىيىسىگە دائىر بىر يۈرۈش ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - مۇراسىملارنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە مۇراسىملار ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىلا ئەھمىيىتى بار بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن بۇيانقى دۇنيا قاراشلىرى، ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلىرى، تۇرمۇش شەكلى، ساقلىق ساقلاش ئۇسۇللىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتلاردىمۇ مۇئەييەن ئەھمىيىتى بار.

# ھەمشىرىڭىز ھەسرەتتە

**نەجىبە ئەمىن**

گۈگۈم پەيتى ئىدى. بېكەتتە ئاپتوبۇسنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم. بىر قارا رەڭلىك پىكاپ بېكەتنىڭ نېرىسىدا يول بويىدا ئېچىلغان خېرىدارى كەمرەك رېستۇران ئالدىدا توختىدى. پىكاپنىڭ ئارقا ئىشىكى ئېچىلىپ، ئوتتۇرا ياش كەلگەن قامەتلىك بىر ئەر كىشى بىلەن مۇرىسىگە چۈشكەن چاچلىرى سارغۇچ بويالغان، بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن پادىچىلار كىيىمى كىيگەن، مودا ياسانغان بىر قىز چۈشتى.

«ئۇ كىشى دوستۇم پاتىمەنىڭ ئاكىسىغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا، شۇمۇيا؟!» دېگەن خىيال بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم. ئۇ ئىككىيلەن خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك ئالدىراپ - تېنەپ رېستوران ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن كۇرسقا قاتناشقانىدىم. كۇرستا بويى ئېگىز، تەققى - تۇرقى خېلىلا قاملاشقان، ئەمما چىرايى نۇرسىز بىر ياش چوكان بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ناھايىتى ئوچۇق مىجەز ئىدى. بەزىدە ئۇنى يولدىشى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ، ئىككىمىز بىللە سىنىپتىن چىقتۇق. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ماشىنا تۇراتتى. ئۇ:

— ۋۇي، قاسىمنىڭ ماشىنىسىغۇ بۇ! — دەپ تۇرۇشىغا ماشىنىدىن 55 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم چۈشتى. بۇ ئادەم خېلى سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق. كېيىنكى قېتىملىق دەرس ئارىلىقىدا مەن ئۇنىڭدىن:

— ئۆتكەن كۈنى سىزنى ئېلىپ كەتكەن ئادەم نېمىڭىز بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— يولدىشىم بولىدۇ، — دېدى.

— ئىككىڭلارنىڭ ياش پەرقى خېلىلا چوڭكەن - ھە؟! — دېدىم.

— ھەئە، ئۇ مەندىن 18 ياش چوڭ. ئۆزۈم بىلەن تەڭتۇش ياش ئېرىمنى باشقىلار تارتىۋالدى. مېنى باشقىلار دەردتە قويىدىكەنۇ، مەنمۇ ئۆز بەختىم ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ بەختكە ئېرىشسەم نېمە بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يولدىشىمنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ بىرىنى ئۆزۈمنىڭ بىرى بىلەن قوشۇپ بىر ئوبدان بېقىۋاتىمىز، — دېدى ئۇ.

بىر كۈنى يەر ئاستى بازىرىدىكى تونۇشۇمنىڭ پۇكىيىدىن نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن باردىم. تونۇشۇم چىرايلىق ئەمما سولغۇن بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپمۇ كۆز يېشىنى توختىتالمىدى. ئەسلىدە بۇ ئايال يولدىشىدىن يېڭىلا ئاجراشقان ئىكەن. نەچچە يىل سىنىشىپ توي قىلغان، ئىككى پەرزەنتلىك بولغان بۇ ئەر - ئاياللارنى قوشنىسىنىڭ توي قىلماي ئولتۇرۇپ قالغان، ئەمما كۆپ ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، تەجرىبىگە پىشقان قىزى ئايرىۋەتكەن ئىكەن.

ھەدەمنىڭ ياشنىپ قالغان بىر جۈپ ئەر - ئايال قوشنىسى بار ئىدى. بۇ ئۇزۇن يىللىق قەدىناسلار ئوتتۇز يىللىق ئۆۋىسىنى ئۈچ ئاي ئىچىدىلا ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەر بولسا «سەندىن

بىر ئۆمۈر پەرزەنت كۆرمىدىم» دېگەننى باھانە قىلىپ «ئىقتىساد قىيناپ قويغان» ياشقىنا بىر ئائىلىنىڭ ياتقىنىغا بىرىۋالدى. ئايال ئاچچىق دەرد ـ ئەلەم تەسىرىدە قان بېسىمى ئۆرلەپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى...

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى ئۇلاپ كۆرۈۋاتقان پەيتىمدە، ئۆزى بىلىملىك، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولغان، ماڭا دائىم يول كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، نەزىرىمدە بەختلىك سانالغان يېقىن دوستۇمنىڭ: «مېنىڭ ھەرقانچە قىلغان ئىلتىپاتلىرىممۇ ئېرىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالماس بولۇپ قالدى. ئۇ تالادىن شۇ قەدەر كۆپ ئىلتىپاتقا ئېرىشىپتۇكى ماڭا ھېچ ئېھتىياجى قالمايۋاتىدۇ» دېگەن دەرد ئىچىدە مۇڭلىنىپ ئېيتقان سۆزىدىن مىڭلارچە ئىزتىراپ، تەئەججۇپ ئىلكىدە ئويلىنىپ قالدىم.

دەرۋەقە مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا كۆپلىگەن ئائىلىلەر ۋەيران بولۇش گىردابىغا يەتتى. بىر قىسىم ئائىلىلەر ھەر خىل تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولماي توزۇغان بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى «3 ـ شەخس» نىڭ ئارىغا قىستىلىشى بىلەن ۋەيران بولغانىدى. «3 ـ شەخس» ۋەيران قىلغان ئائىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەر تەرەپ ئولجا ئوبىيېكتى، ئايال تەرەپ زىيانغا ئۇچرىغۇچى تەرەپ بولۇپ چىقاتتى. ئاز ـ تولا سەۋەنلىكلەر، سۈركىلىشلەرنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تامامەن بار بولغان ئائىلىلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشى، بۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ يېتىم قېلىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىنورمال ھادىسە ئىدى. مانا مۇشۇنداق نورمالسىزلىقلارنىڭ تۆھپىكارلىرى بولسا ھەر خىل سەۋەبلەر، تەقدىر ـ قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز قۇرداشلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىگە ھىماتچى ئىزدەش كويىغا چۈشكەن، تىغ ئۇچىنى ئۆز نىشانىغا قاراتقان، «3 ـ شەخس» ماركىلىق قىز ـ چوكانلار ئىدى. ئەسلىدە ئاشۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا مېھرىبان ئانىلارنىڭ قىزلىرى، مەسۇمە سەبىي قىزلارنىڭ، كۆيۈمچان ھەدىلەرنىڭ ھەمشىرىلىرى، ئېتىبار بېرىشكە، مېھرىبانلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئايال زاتى، پەرزەنتلەرنىڭ، پاراغەتلىك جەننىتىنى قەدىمى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى مۇقەددەس ئانا، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە ياكى زاۋاللىقىغا سەۋەب بولغۇچى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئىدى. شۇنداقلا يەنە مۇشۇنداق بىنورماللىقنى قوبۇل قىلغۇچىلار بولسا، ئۆزىدىن خېلىلا ياش ئەمما ئالدامچىلىقتا پىشقان، ئەرگە بولغان مۇھەببىتى سۇس بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلەشكە ئىشتىياقى كۈچلۈك، ياشتا «كىچىك»لىك باھانىسى بىلەن ئۆي ئىشلىرىغا خام، ئەمما سىرتتا پائالىيەتچان، نىشانغا تەگكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچىگەنلىكتىن چىرايىنىڭ خۇنى قاچقان زىلۋا بويلۇق ساھىبجامالنىڭ، «چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا» قىز ـ چوكانلارنىڭ قىلتىقىغا ئوڭايلا ئىلىنىپ «تەسلىم» بولغانلار، «ئەقلى ئۇرغۇپ تۇرغان»لىقتىن يولدىن تايغان، نەپسى خاھىشىغا بېرىلگەن، سەبىرسىز كىشىلەر ئىدى؛ پۈتۈن ئەسلى ۋەسلىنى ئۇنتۇپ، ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان نەسىھەت، زارلىنىش سادالىرىغا پىسەنت قىلماي، ئەينى ۋاقىتتا تەستە ئېرىشىپ بولغان مۇقەددەس رىشتىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا ئۈزۈپ، ئۆزى ياسىۋالغان قۇۋۋەت دورىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن يانچۇقى قۇرۇقدالغىچە «يېڭى جۈپتى» نىڭ كەينىدىن شاپاشلاپ يۈرۈشۈۋاتقان ئەرلەر ئىدى؛ ھەتتا يەنە بىردىنلا ھاردۇق يېتىپ، كېسەل چىرماپ ئالغاندىن كېيىن «چارەك ئەر»لىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلالماي ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ياكى پۇشايماندا پۇكۇلۇشكە رازى بولۇۋاتقان ئىنسانلار ئىدى؛ مانا مۇشۇنداق ۋەيرانچىلىق، پاراكەندىچىلىكلەرگە سۈكۈت قىلغۇچىلار بولسا جەمئىيەتنىڭ قورغۇچىسى، مىللەتنىڭ

www.uyghurkitap.com



تۇۋرۇكى، ئائىلىنىڭ ھىمايىچىسى، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ يۆلەنچۈكى، ھەقىقەتنى يۇرگۈز گۈچىلەر ئىدى. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە ئەرلەرنىڭ خاس تەبىئىتىگە ياكى ئۇلارغا بېرىلگەن ئىنئام، ھەقلەرگە ئەيىب قويۇش نىيىتىمىز يوق ھەم ئۇنداق ھوقۇقىمىزمۇ يوق. ئەرلەر بىزنىڭ دادىلىرىمىز، ئاكا ـ ئىنىلىرىمىز ھەم يۆلەنچۈكلىرىمىزدۇر. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش خاراكتېر، سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشكە يەنى، بىر تاياقتا ھەيدىۋېتىشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىگە ئۈرنەك بولغۇدەك، ئالىيجاناب ھىممەت ئىگىلىرىدىن پەخىرلىنىمىز. بىز پەقەت ئاشۇ يۆلەنچۈكلىرىمىزنىڭ ئەقلىي كامالىتى، ۋىجدان غۇرۇرى، دىيانەت ـ ئېتىقادى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىشىنى، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىنى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىگە سەل قارىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆز قېرىنداش، ھەمشىرىلىرىنىڭ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا، ئۆز مىللىتىنىڭ خارابلىشىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئاياللارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش، كۆڭلىگە ياقمىغاندىمۇ سەۋرچان بولۇپ، ئۇلار بىلەن ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش ۋە باشقىلارنى شۇنداق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش — ئالىيجاناب گۈزەل ئەخلاقلاردىن بولۇپ، بۇ ئاياللارنى تېگىشلىك ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ھەربىر ئىخلاسمەن كىشى مانا مۇشۇنداق ئالىي پەزىلەتلەر، سەۋرچانلىقتەك ئېسىل خىسلەتلەر ئارقىلىق كۆپ ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، شۇنداقلا قايناپ ـ تاشقان غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان ئۆچ ـ ئاداۋىتىنى ۋە بىر تەرەپلىمە كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشكە، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىنى توسۇپ قېلىشقا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. شۇ ئارقىلىق نىكاھتىن ئىبارەت مۇقەددەس رىشتىنى ئۆزگىرىشچان ھېسسىياتنىڭ ئارقىسىدا شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان ھاماقەتلەرنىڭ قۇرۇق دەسمايىسىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشتىن ساقلاپ قېلىش مۇمكىن.

ھەقىقىي ئىنسان ئۆزىگە نىسبەتەن سىر بولغان بارلىق شەيئىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشى، ئويلىنىشى لازىم. مانا بۇ، ئاياللارنىڭ غۇرۇرىنى كۆتۈرىدىغان، ھەققانىيلىق ۋە مېھرىبانلىق مۇجەسسەملەنگەن ھەقىقىي كۆيۈنۈش. مانا بۇ، ساۋاپ ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ ئاياللارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم مەسىلە.

شۈبھىسىزكى ئادەملەر بەزى چاغلاردا مەلۇم نەرسىلەرنى يامان كۆرۈپ قالىدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ھەمدە يىراقلىشىشنى خالاپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى ئۇ نەرسىلەر ياخشىلىق بىلەن ئورالغان، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بەرىكەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. ھەقىقىي غۇرۇرلۇق بىر ئەركەك ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ ئايالدىن رازى بولىدىغان تەرەپلەردىن كۆز يۇمۇش ۋە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان يەنە بىر تەرىپىنى سۈرەپ چىقىپ ئەزۋەيلىشى لايىق ئەمەس. دەرۋەقە بىز يەنە جەمئىيەتتە ئۆز قىممىتىگە لايىق ئورۇنغا مۇيەسسەر بولالماي خالاپ ـ خالىماي تويۇق يوللارغا كىرىپ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەت كەلتۈرىۋاتقان ناتىۋانلارنىڭ ئىددىيىسى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، ئۆتەك تۇرمۇش قىزغىنلىقىغا بىر تەرەپلىمە نەزەردە قاراپ تۇرالمايمىز. ئەمما ئۇلارغا شۇنى بىلدۈرۈپ قويۇش ھوقۇقىمىز باركى، ئۆز پايدىسىنىلا كۆزلەپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن، ئۆز غۇرۇرىنى يوقاتقان، ئۆز نەپسى ـ ئىستىكى ئۈچۈن بۇرادەر، ھەمشىرىلىرىگە پەرۋا قىلمايدىغان كىشىلەر، ئەخلاقىي جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدە، شۇنداقلا مۇقەددەس

ئەنئەنىلىرىمىز ئالدىدا قارشى ئېلىنمايدىغان لەنەتكە لايىق كىشىلەردۇر. دېمەك، ئەگەرى يولغا مېڭىپ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقان ئادەم تامامەن كېرەكسىز ئادەمدۇر.

ئىنساننىڭ نەپس - ئىستىكى، هاۋايى - هەۋەسىدىن باشقىمۇ بىر نىشانى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولمايدىكەن غەربلىك يازغۇچىدىن بىرى «مەۋجۇدىيەت» پەلسەپىسىنى سۆپەتلەپ ئېيتقاندەك بولۇپ قالىدۇ. يەنى: «مەۋجۇدىيەتچىلەر بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇ ئىت قۇيرۇقىنى چىشلەش ئۈچۈن دائىم ئۆز ئەتراپىنى ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز قۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، يا ئايلىنىشتىن توختىمايدۇ».

يېقىندا مەن بىر ماتېرىيالدىن شۇنداق قۇرلارنى ئۇچرىتىپ قالدىم: «ئىشخانا ئىچىدىكى ئىشقىۋازلىقنىڭ ياخشى تەسىرى ۋە يامان تەسىرىمۇ بار. ياخشى تەسىرى: ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. كوللېكتىپمۇ ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. بولۇپمۇ، خىزمەت تەلىپى قاتتىق، خىزمەت ۋاقتى ئۇزۇن بولغاندا، ئىشخانىدىكى بۇ قىزغىنلىق ۋە يېقىنچىلىقلار زېرىكىش ۋە روھىي سۇلغۇنلۇقنى تۈگىتىپ، ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. غەيرىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئاساسەن يۈز بېرىدىغان زىنا قىلىش ئىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەۋپ ۋە تۇسالغۇلارنى ئازايتىدۇ...» يول كۆرسىتىشنى نىشان قىلغان بۇ ماتېرىيالنى قايتا - قايتا كۆرۈپ چىققان بولسامۇ ئىدىيەمدىكى قارشى ئىنكاس يوقالماي، بەلكى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. هايا ۋە ئىپپەت پەردىسى ئېچىلىپ كېتىۋاتقان، روھىي ۋە جىسمانىي بۇلغىنىش كىشىلەرنى نابۇت قىلىۋاتقان، رىقابەت، توقۇنۇش ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان شۇ پەيتتە، ئاپتورنىڭ بۇنى تەپەككۇر قىلىشىدىن مەقسەت نېمە؟! ئەگەر شۇنداق بولىدۇ دېيىلگەن هالەتتىمۇ بۇنداق ناتوغرا خاھىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئۇلۇغلار ئېيتقانكى: «هايا قىلماس بولساڭ خالىغىنىڭنى قىلىۋەر»، «ئىپپەت خوتۇنلارنىڭ ئەڭ زىننەتلىك لىباسى، ئەرلەرنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەرمايىسىدۇر». ئەگەر ئىنساندىن هايا، ئىنساب كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا هېچ نەرسە قالمايدۇ. بەلكى تۆت پۇتلۇق هايۋانغا ئوخشاش ئۆز نەپسىنى قانائەت تاپقۇزۇشنىڭلا كويىدا بولۇپ قالىدۇ. شۈبهىسىزكى، ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت كىچىككىنە ھېسسىياتنىڭ بىر دەملىك قوزغىتىشىدىن تولىمۇ ئۈستۈن ۋە ئېچىرقاپ كەتكەن هايۋانىي تەلەپنىڭ كۈشكۈرتىشىدىن نەچچە هەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ. هالبۇكى ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ قىلىشقان ناشايان قىلمىشلىرى جەمئىيەتتە جامائەتچىلىكنىڭلا ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى قانۇن ۋە ئۆرپ - ئادەت، بەلگىلىمىلەر بويىچە سوراقتا قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

قانۇنىي نىكاھ ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. ئىسلام شەرىئىتىدىمۇ نىكاھ ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر خىل هەق - تەلەپ توختامى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگۈچى ئاساس هېسابلىنىدۇ. ئۇ قانۇنىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ئەهمىيەتكە ئىگە. قانۇنىي نىكاھ ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئىگە بولىدىغان، هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ بىز دەۋاتقان قانۇنىي كۈچتۇر. دەرۋەقە جەمئىيەتتە يەنە نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بەزىلەر نىكاھنى سۇيىئىستېمال قىلىۋالغان بولۇپ، نىكاھنىڭ ئارقىسىغىمۇ نىكاھقا ئىشەنمىگەن ئەركىنلىكنىڭ ئارقىسىغىمۇ يوشۇرۇنۇپ، ئۆز بەختى، نەپسى هالاۋىتى ئۈچۈن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ھەممىگە ئايانكى ئىنساب، دىيانەتنى قايرىپ، ئۆز ئىپپىتىنى ساقلىماي قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە، ئۇتۇقلار، هۇزۇر - هالاۋەت،

www.uyghurkitap.com

روھىي جۇشقۇنلۇق، غەيرەت ـ جاسارەتلەر بىلەن مال ـ دۇنيا، زەر لىباسلارغا يۈگىلىپ ئاسماندا ئۇچقان تەقدىردىمۇ ئىنسان ھامىنى يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ، دۇنيادا تېتىغان ھالاۋىتى ۋە باشقىلارغا تېتىتقان ئازارى ئۇستىدە ھېساب بەرگۈچىدۇر.

«نۆۋەتتە يەنە قەدىناس ئەر ـ خوتۇنلار بىر-دىنلا بىر ـ بىرىنى چۈشەنمەس بولۇپ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەرچە قارىشىپ، ئۆچلىشىپ ھەتتا ئاخىرىدا ئىللىق ئۇۋىلىرىنى ۋەيران قىلىشىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك قارا داغ، ئىزا ـ ئاھانەت، كېلىن ـ كۈيئوغۇل، نەۋرىلەرگە قارا كۆلەڭگە پەيدا قىلىپ بېرىۋاتقان؛ قولۇم ـ قوشنا، تونۇش ـ بىلىشلەرگە «قىزىق نۇقتا»، «ئاجايىپ» سۆز تېمىسى پەيدا قىلىپ بېرىۋاتقان ئەھۋاللار ئاز ئەمەس. يېقىندا دېيىلگەندەك ناتوغرا مۇناسىۋەتلەرنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم ئاياللار ئەرلىرىنىڭ باردى ـ كەلدىسىنىڭ قويۇقلىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن ۋەھىمە قىلماقتا. ئاقىۋەتتە دوستلىرىدىن، سەبىي قىزلاردىن ھەتتا قېرىنداش ھەدە ـ سىڭىللىرىدىنمۇ گۇمانلىنىپ، قىسقىسى ھەممە خوتۇن ـ قىزلارنى قېلىپتىن چىقىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، ئۇلارنى ئەرلەرنى ئازدۇرىدىغان شەيتان قاتارىدا كۆرۈپ، ھېچ ھېيىقماستىن ئەقىل، ھايا پەردىسىنى يىرتىپ، ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتقان بىشەم خوتۇنلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. ئۇلار ئۆز ئائىلىسىنى، ئۆز بەختىنى، ئۆز غۇرۇرىنى قوغدايمەن دەپ ئەمەلىيەتتە ئىش ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، گۇمانخورلۇق، ئىشەنمەسلىك پسىخىكىسى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، ئۇياتقا قالىدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئائىلىسىنى خاراب قىلىدىغان، ئۆزىگە دۈشمەن ئاۋۇتىدىغان تەدبىرسىز خوتۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. ئىنسان ئىنسان بولۇپ يارالغان ئىكەن، ھاياتلىقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشى، كۆتۈرگەندىمۇ ئېتىقاد، ئىپتىخار، ۋىجدان، غۇرۇر، ئىشەنچ، ئىرادىنىڭ كۈچى بىلەن كۆتۈرۈشى كېرەك. ئىرادە ھېسسىياتتىن كۈچلۈك ئەلۋەتتە. يامان تەسىر، نەپس خاھىشلار ئادەمگەرچىلىكنى، نومۇسنى، مەرھەمەتنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتمىسۇن! باشقىلارنى رەنجىتىش، يۈرەكلەرنى يارا قىلىش خۇددى نۆۋەتنى كەلگەن ئىشتەك دەۋرلەنمىسۇن! تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۇرىۋاتقان شۇ پەيتتە، نېسىۋىسىدىن مەھرۇم قالغان ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى پۇتكۇل قۇۋۋىمىزنى ئېقىتىپ كەتمىسۇن...

تونۇگۈن بىر دوستۇم ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرغانىدى. دوستۇم پاتىمەمۇ كەپتۇ. ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا پاتىمە ئاكىسى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ قالدى. «ئەسلىدە ئاكامنىڭ گۈزەل، بەختلىك ئائىلىسى، ئوماق ئۈچ پەرزەنتى بار ئىدى. يول تاپالمىغان بىر شەيتان ئاكامغا چاپلىشىۋالغاچقا ئاكام ئانامنىڭ نەسىھىتىگە، بىچارە ئايالى ۋە باللىرىنىڭ نالىلىرىگە پىسەنت قىلماي ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلدى. ھازىر شۇ شەيتان بىلەن بىللە، ‹ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ› دېگەندەك ھازىر ئاشۇ شەيتان يەڭگەم بولۇپ قالدى ...». پاتىمەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇھ تارتىشتۇق. بىرقانچە قىز چاقچاق قىلغان ھالدا: «بىزمۇ تاللاپ تۇرۇپ بىرەرىنىڭ پېشىگە ئېسىلساق، ياق، پېشىگە ئەمەس بوينىغا ئېسىلساق بەختىمىزنى تاپىدىغان ئوخشىمايمىزمۇ؟!...» دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مەن دوستلىرىمغا ئايالLAR توغرىسىدىكى مۇنۇ ھېكمەتنى نەقىل قىلدىم: «ئايال كىشى ھەمشىرىسىنى نەسىۋىدىن قۇرۇق قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەقسىتىدە ھەمشىرىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى سورىشى دۇرۇس ئەمەس».

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتقۇچى)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق

ئابلىز ئابدۇرېھىم

مۇھەررىردىن: شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى مۇدىرىيەت ئەزالىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. يىغىنغا جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر تولۇق قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ھۆرمەتلىك تۆمۈر داۋامەت ئەپەندىمۇ يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى، مۇھىم تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ قەدىمىي ئەسەرلەرنى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، تارقىتىش جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىزنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە ھەرقانداق ۋاقىتتا ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەزالار گەرچە ھەر ساھە ھەر كەسىپتىن، شۇنداقلا ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىن يىغىلغان بولسىمۇ، كلاسسىك مىراسلىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ بىلگەچكە، يىغىن ۋە مۇزاكىرە جەريانىدا مەسىلىلەرگە ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولدى ۋە قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆۋەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىمنىڭ يىغىندا بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى نەزىرىڭىزگە سۇنىمىز.

ھۆرمەتلىك يىغىن ئەھلى!

مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن جەمئىيىتىمىز قۇرۇلغان بىر يېرىم يىلدىن بۇيان ئىشلەنگەن خىزمەتلەر، بۇ يىلقى ۋەزىپىلەر ۋە «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 2005 ـ يىلدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغان بىر يېرىم يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى، كۆچلۈك قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قىزغىن مەدىتى ۋە ياردىمى، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان ھەر مىللەت ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۈگىنىش تىپىدىكى ئىلمىي تەشكىلات قۇرۇش يولىدا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە مۇستەھكەم

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق، ئىجادىي ھەمكارلىق ئاساسىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى؛ ئىلمىي تەتقىقاتتا بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە بىردەك ماسلاشتۇردى.

ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز 2004 ـ يىل 28 ـ دېكابىردا قۇرۇلۇپ خىزمەت باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، جەمئىيەت مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، سابىق شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە سابىق شىنجاڭ ئۇيغۇر 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن سابىق شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقاتى فوند ھەيئىتىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزگە ئۆزىنىڭ 16 يىللىق خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، سابىق ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت ۋە فوند ھەيئىتىنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق تاپشۇرۇۋېلىندى. ئارقىدىنلا دائىمىي مۇدىرىيەت يىغىنى چاقىرىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ پىكىرلەرگە ئاساسەن جەمئىيىتىمىز نىزامنامىسىغا بەزىبىر زۆرۈر تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلۈپ، «نىزامنامە» يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى كومىتېتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقات كومىتېتلىرى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئىككى تەتقىقات كومىتېتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىپ تاپتى؛ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپى، 5 نەپەر دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، 9 نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى تولۇقلاپ سايلاندى.

بۇلتۇر يىل بېشىدا چاقىرىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا 2005 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىردە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىلمىي خىزمەت قارارلاشتۇرۇلۇپ، ئەتراپلىق، كونكرېت، ئەستايىدىل، يۇكسەك تەلەپچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ كاتىبات باشقارمىسى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق كاتتا مەرىكىسىگە نىشانلانغان بۇ پائالىيەتكە نىسبەتەن يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىدە بولدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىز ۋە پايتەختتىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار، ئىلمىي خادىملار، ئالىي مەكتەپ، ئاكادېمىيىلەر ۋە باشقا ئىلمىي، ئەدەبىي تەشكىلاتلارغا «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى چاقىرىش ۋە يىغىنغا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى. ئۇقتۇرۇش تارقىتىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ھەر مىللەت ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە ئىلمىي خادىملار يۇكسەك ئىلمىي كەيپىيات ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق يىللار مابەينىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىدا

قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزگە بەس ـ بەس بىلەن يوللاپ بەردى. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز تاپشۇرۇۋالغان 200 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تاللاپ، بېكىتىپ چىققاندىن كېيىن، يىغىنغا تاللانغان ماقالىلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى تاللاپ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا مەخسۇس مەجمۇئە قىلىپ، قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىغا ئۈلگۈرتۈپ تەييارلىدى. بۇ مەجمۇئە بۇ قېتىمقى يىغىنغا تېخىمۇ قويۇق ئىلمىي كەيپىيات قوشتى، ئىلمىي ئۇل سالدى؛ يەنە كاتىبات باشقارمىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى خادىملارنىڭ كەسپىي جەھەتتە كۈچلۈك ماسلىشىشى بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلەر توپلىمى» ناملىق مەجمۇئەنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا يۇقىرى سۈپەتلىك نەشرىياتچىلىق ۋە باسما تەلىپى بويىچە تەييارلاپ، قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا ئۈلگۈرتۈپ قولدىن چىقاردى. بۇ ئارقىلىق ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ نىشانى، خاراكتېرى، رولى ھەققىدە كۈچلۈك جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار، ئىلمىي خادىملارنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئىلمىي جەمئىيىتىمىز خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق شانلىق تويىغا مول ئىلمىي مەزمۇن، جۇشقۇن، قاينام ـ تاشقىنلىق ئىلمىي كەيپىيات، تەنتەنە ئۈستىگە تەنتەنە قوشقان «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشى، كۈچلۈك قوللىشى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى فۇنكسىيىلىك تارماقلار ۋە كونا شەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلىق قىلىشى بىلەن 2005 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىردە قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى قەشقەردە ئاجايىپ داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۈرەش مەخسۇتلار بۇ كاتتا ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىغا ئالاھىدە ئىشتىراك قىلىپ، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە يىغىن ئەھلى بىلەن قىزغىن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئۇلارنى قالتىس خۇشال قىلدى، روھىنى ئۇرغۇتتى؛ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بىلىمگە، ئىلىم ئەھلىلىرىگە، ئىلىم تەتقىقاتىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۈچلۈك قوللايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان بۇ كاتتا ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىدا پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى ئاتاقلىق ئالىم ـ پروفېسسورلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى بويىچە يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ياش ئىزدەنگۈچىلەر قىزغىن ئىلمىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ «دىۋان» تەتقىقاتىدىكى يۇقىرى ئىلمىي قىممەت، يېڭىچە قاراش، ئۆرنەكلىك قىممەتكە ئىگە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن، «دىۋان» تەتقىقاتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى؛ «دىۋان» تەتقىقاتىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىن پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ قۇتلۇق قەدىمىنى نەتىجىلىك باستى. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز قۇرۇلۇپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نەتىجىلىك ئاچقان مەملىكەتلىك بۇ كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كاتتا يىغىلىشى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنىڭ كۆرەك قىلىنىشى سۈپىتىدە دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە زور تەسىر قوزغاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشقا ئاساس سېلىندى.

بۇ كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، تەشكىللەش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەردە ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، ھۆكۈمەت ۋە جامائەت ئەربابلىرى تەقدىرلەندى؛ بەرھۇملارنىڭ تۆھپىسى ياد ئېتىلدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارغا يۇقىرى شان ـ شەرەپ بەردى.

2005 ـ يىلى 10 ـ نويابىردا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ DVD پلاستىنكىلىرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى»نى ئېچىپ، جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ رەسمىي تارقىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئەڭ زامانىۋى ـ ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ۋاسىتىسى بىلەن تۆت خىل ئاۋاز يولى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىدا چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن، پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئاڭلاپ ئورتاق بەھرىلىنەلەيدىغان DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىپ پۈتۈشى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ توققۇز يىلغا سوزۇلغان، DVD,VCD,CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش، نەشر قىلىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇراسىمغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ: «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى DVD,VCD,CD پلاستىنكىلىرىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى، ئۇيغۇر 12 مۇقام تارىخىدىكى بىر مۇھىم نامايەندە» دەپ بۇ ئۇلۇغ سەنئەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ DVD, VCD CD پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىشلىنىپ تارقىتىلىشى، بولۇپمۇ DVD پلاستىنكىلىرىنىڭ تۆت خىل يېزىقتا ئىشلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تولۇق شارائىت يارىتىلدى.

مۇراسىمدا يەنە 12 مۇقامنىڭ DVD, VCD, CD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان خادىملار ۋە ئورۇنلار مۇكاپاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى.

دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن بەش يىلدىن كۆپرەك جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى دۆلىتىمىز ئىلتىماس قىلىپ يوللىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە ۋەكىللىك ئەسەر سۈپىتىدە ب د ت غا يوللانغانىدى. 2005 ـ يىلى 25 ـ نويابىردا ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. بۇ، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە دۇنياۋى ئىلمىي قىممەت

ۋە شان - شۆھرەت ئاتا قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئۆزىنىڭ «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر»، «ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە»، «شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ جەۋھىرى» ئىكەنلىكىنى جاھان ئەھلىگە تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، ئېلىمىزنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز 2005 - يىلى 4 - دېكابىردا تەنتەنىلىك تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇربەكرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى 70كە يېقىن ئالىم - مۇتەخەسسىس بىلەن تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» نىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ يازغان بېغىشلىمىلىرى، تەبرىك تېلېگراممىسى ۋە تەبرىك خەتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات مەركىزى، جۇڭگو مۇزىكانلار جەمئىيىتى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى 29 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بولۇپ 49 ئورۇن تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» نىڭ ب د ت تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلىنىشنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىلتىماستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئون يىللىق قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش پىلانى» نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشتىكى ئۈمىد ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل خۇشخەۋەر، غايەت زور ئىلھام. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىغان، يۇكسەك ئېتىبار بەرگەن دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان شۇغۇللىنىپ قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ بىباھا دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسىنى ب د ت غا ئىلتىماس قىلىشتا كۈچلۈك ئىلمىي ئاساس - كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكەن ھەر مىللەت ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىگە، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى قول سېلىپ ئىشلىگەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم

رايون رەھبەرلىرىگە، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنىڭ ئالدى كەينىدە ئاجايىپ جاپالىق، ئەمما يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىگەن ئىلتىماس قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارغا ئىلمىي جەمئىيىتىمىز نامىدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

## 2006 ـ يىللىق خىزمەتلەر

ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىش، 21 ـ ئەسىر مەدەنىيەت تەرەققىياتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرماقچىمىز. ئىلمىي تەتقىقاتتا باشتىن ئاخىر بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەتقىقات ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش بىلەن بىللە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش — بىزنىڭ 2006 ـ يىلقى ۋە «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى ۋەزىپىمىز ۋە خىزمەت نىشانىمىز.

بۇ ۋەزىپە ۋە خىزمەت نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە 2006 ـ يىللىق ۋە «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى خىزمەت پىلانى ۋە نىشان ـ تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 2006 ـ يىلىدا ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەر

1) 2005 ـ يىللىق خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 500 مىڭ خەتلىك «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» بۇ يىل ئاپرېلدا نەشرگە تاپشۇرۇلۇپ، ئىيۇلدا نەشردىن چىقىدۇ.

2) «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ 350 مىڭ خەتلىك «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» بۇ يىل ئاپرېلدا نەشرگە بېرىلىپ، ئاۋغۇستتا نەشردىن چىقىدۇ.

3) ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقام تارىخىدىكى دۇنيا خاراكتېرلىك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق

ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا، بۇ يىل ياز ۋە كۈزدە «تۇنجى نۆۋەتلىك مۇقام بايرىمى» ئۆتكۈزۈپ، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلىدۇ ۋە مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەيكىلىنىڭ يوپۇقى ئېچىلىدۇ؛ شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى تەييارلاۋاتقان، ئۈچ مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنغان، «ئۇشاق» مۇقامىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تۇرپان، قۇمۇل، دولان مۇقاملىرى قاتارلىق يەرلىك مۇقاملار بىرىككەن «مۇقام باھارى» ناملىق چوڭ تىپتىكى مۇقام كونسېرتىغا ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ماسلىشىپ، ياخشى ئىلمىي مەسلىھەتچىلىك قىلىپ، بۇ چوڭ تىپتىكى مۇقام كونسېرتىنىڭ بۇ يىلقى «مۇقام بايرىمى»، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقىغا نىشانلانغان تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىشقا ئۇلگۇرتۇپ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى ب د ت غا «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكىي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بويىچە ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىلمىي خادىملار ئالاھىدە مۇكاپاتلىنىدۇ؛ 1992 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى بويىچە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماقالىلىرىدىن ئۈرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە سەر خىل - ئېسىللىرى تاللىنىپ، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنى» غا ئۇلگۇرتۇپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىدۇ؛

ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىش ئاساسىدا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نى قوغداش ھەققىدىكى «10 يىللىق قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش پىلانى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە ياخشى مەسلىھەتچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلمىي دەلىللەر بىلەن دەلىللەيدۇ؛

1980 - يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، تەشۋىق قىلىش بويىچە چاقىرىلغان تۈرلۈك مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، شۇ ئاساستا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، قوغداش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش بويىچە ئورتاق تونۇش شەكىللەندۈرۈلۈپ، بۇ ھەقتە ئەمەلىي يولغا قويغىلى بولىدىغان «10 يىللىق قوغداش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلىدۇ؛

«مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 3 - يورۇش قانىلىدا كۆرسىتىلگەن، ئۇيغۇر 12 مۇقامى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ھۆزۈرلىنىڭ» ناملىق 53 قىسىملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس سەنئەت فىلىمىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر يىل كۆرسىتىش، تەشۋىق قىلىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ «مۇقام تۆھپىكارلىرى» ناملىق قامۇس بۇ يىل داۋاملىق تولۇقلاپ ئىشلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلىدۇ.

4) ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ تەتقىقات كۈچىنى زورايتىش، كەڭ ئىلمىي نوپۇزغا ئىگە قىلىش، ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەزا قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ئۈنۈملۈك ئىزدەنگەن، مول ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىلمىي، ئىجتىمائىي نوپۇزغا ئىگە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر،

www.uyghurkitap.com

تەتقىقاتچىلار، ياش ئىزدەنگۈچىلەر، سەنئەتكارلار، خەلق سەنئەتكارلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىمىزگە پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا جەلپ قىلىنىدۇ ۋە ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ مەخسۇس ژۇرنىلى بولۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ شتاتى، خىزمەت ئورنى، قاتناش قورالى بۇ يىل ئىچىدە ھەل قىلىنىدۇ.

**ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى خىزمەت نىشانى ۋە تەسەۋۋۇرىمىز**

1) 2006 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە ھەر يىلى 5 تومدىن جەمئىي 20 تومluق قىلىپ «نەۋائىي ئەسەرلىرى كوللىياتى» نەشر قىلىنىدۇ. بۇ ئىلمىي خىزمەتنى نەتىجىلىك تاماملاشتا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەردىن مەخسۇس خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ؛ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز نامىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەخسۇس دوكلات يېزىپ دۆلەتلىك نۇقتىلىق تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ راسخوتقا ھۆكۈمەت، تەشكىللەش ۋە ئىشلەشكە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز مەسئۇل بولىدۇ؛

2) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «دۆلەتلىك نۇقتىلىق مىراس كىتاب» پىلانىغا كىرگۈزگەن 10 تومدىن 20 تومغىچە بولغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قامۇسى» ناملىق كىتاب ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ھەمكارلىشىشى بىلەن 2006 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلغىچە نەشر قىلىنىدۇ؛

3) ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تولۇقلاپ، تۈزىتىپ قايتا بېسىش ھەققىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تەكلىپ سۇنىدۇ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىشلىگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىندېكسىنى تېزراق نەشر قىلىش ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئۆز تەكلىپىنى بېرىدۇ؛

4) 2007 ـ يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىشنى نىشانلايدۇ ۋە بۇ يىل ئېيۇلدىن باشلاپ تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىنى باشلايدۇ؛

5) 2009 ـ يىلى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىشنى نىشانلايدۇ؛

6) ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز نامىدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تور بېكىتى» قۇرۇشنى نىشانلايدۇ؛

7) ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ھۆججىتى ئارقىلىق، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قاتارلىق ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ئورگانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلارنى ئېنىقلاپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تولۇق كاتالوگى»نى ئىشلەشنى نىشانلايدۇ؛

8) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەۋە قول يازمىلارنى ئوقۇش ۋە يېشىش بويىچە بىر تۈركۈم ياش ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، تېكىستولوگىيە ئىلمىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمىي قول يازمىلارغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلالايدىغان، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان قىممەتلىك

مەنىۋى مىراسلارنى ئەۋلادلارغا جانلىق يەتكۈزەلەيدىغان ئىلمىي ساھىبلىرىنى جەلپ قىلىش ۋە تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ھەمدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەكشۈرۈش، بېكىتىشكە ئىشتىراك قىلىنىدۇ.

9) سابىق شىنجاڭ 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى نەشرگە تەييارلىغان «نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ «ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىكتىكى پەلسەپىگە ئائىت بايانلار» قاتارلىق بەش پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرۇلىدۇ؛

10) «مۇقام ئەنجۈمەنى» تەسىس قىلىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئەزالىرى ئارا مۇقام مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيىتىمىزنى «ئۆگىنىش تىپىدىكى ئىلمىي تەشكىلات» قىلىپ چىقىشقا ئىلمىي ئاساس سېلىنىدۇ؛

11) ئۇيغۇر مۇقاملىرى بويىچە يىلىغا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنى چاقىرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىرى، تېكىستلىرى ۋە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك تالاش ـ تارتىش ۋە مەسىلىلەر بىر ـ بىرلەپ تەتقىق قىلىنىپ ھەل قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش، قوغداش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش خىزمىتىگە پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىنىدۇ؛

12) ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە يەرلىك مۇقاملارنىڭ ھازىرقى پەرقلىق نۇسخىلىرى تەكشۈرۈپ رەتلىنىدۇ. شۇنداقلا «ئۇن ـ سىنىغا ئېلىش ماس قەدەمدە بولۇش»، «تېكىست بىلەن مۇزىكىنى ماس قەدەمدە خاتىرىلەش» پرىنسىپى بويىچە، مۇقاملارنىڭ ئاھاڭ ۋە تېكىستلىرىنى خاتىرىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ؛

13) ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش ھەققىدە مەمۇرىي نىزام تۈزۈش تەكلىپى بېرىلىدۇ؛

14) 12 مۇقامنى قايتا رەتلەپ، تولۇقلاش ئاساسىدا ئەڭ يېڭى نۇسخىسىنى ئۆگىنىپ ئورۇنداش ۋە لېنتىغا ئېلىش خىزمىتى ئىشلىنىدۇ. شۇنداقلا «ئۇن ـ سىن ماس قەدەمدە بولۇش»، «تېكىست بىلەن مۇزىكىنى ماس قەدەمدە خاتىرىلەش» پرىنسىپى ئاساسىدا، مۇقاملارنىڭ تېكىست ۋە مۇزىكىلىرىنى خاتىرىلەش خىزمىتى تاماملىنىدۇ؛

15) نوپۇزلۇق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە مۇقاملارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى يېزىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ؛

16) «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى»ناملىق چوڭ ھەجىملىك قورال كىتاب تۈزۈپ، نەشر قىلىنىدۇ؛

17) ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەكشۈرۈش، بېكىتىشكە ئىشتىراك قىلىنىدۇ؛

18) ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە ئىشلىنىدىغان مەخسۇس سەنئەت پروگراممىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، جەمئىيىتىمىز تەرىپىدىن ئىلمىي دەلىللەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛

19) مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش ۋە تۈرلۈك تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىكى خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىنىدۇ؛

20) 2009 ـ يىلى چاقىرىلىدىغان «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي مۇهاكىمىسى يىغىنى»غا هازىردىن باشلاپ تەشكىللىك، پۇختا، ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈلىدۇ.

هۆرمەتلىك يىغىن ئەهلى:

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملارنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە بۇ ساهەدىكى تەتقىقاتنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكلەشنى ھەمدە پۈتكۈل مەملىكەت ۋە خەلقئارادىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان ئەڭ كەڭ، ئەڭ كۈچلۈك ۋەكىللىك خاراكتېرغا ۋە ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا، ئەڭ چوڭ تەسىرى كۈچكە ئىگە ئىلمىي تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىز «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى» ۋە «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئىلمىي جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ياخشى تەتقىقات شارائىتى ۋە ئۇلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى؛ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ جۇشقۇنلۇقتا، ھاياتىي كۈچكە، جەلپكارلىقتا، ئۇيۇشقاقلىقتا ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولۇشنى؛ بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان، تىنچ، دېموكراتىك، ئىلمىي مۇھىت يارىتىلغان؛ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر تەتقىقاتتا ئۆز ئارا ماسلاشقان، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۆز ئارا ئۇيۇشقان، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادىي ھەمكارلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان ئىلمىي كەيپىيات يارىتىشنى ئۆزىنىڭ توپ خىزمەت مىزانى قىلغان. بىز «ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلارغا يول ئېچىپ» ، «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، يېڭى ۋە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرىمىز دېيدىكەنمىز، تەشكىلىي كۈچىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي ۋە تەشكىلاتچانلىق ساپاسىنى كۈچەيتىشىمىز، تەشكىلاتىمىزنىڭ ئېسىل ئىناۋەت ـ ئوبرازىنى تىكلىشىمىز، دېموكراتىك ئىستىل، ئىلمىي روھ ۋە كەيپىياتنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن باسىدىغان ھەربىر قەدىمىمىزدە ئەجدادلارغا يۈز كېلەلىگۈدەك، ئەۋلادلارغا ئۈرنەك بولالىغۇدەك ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، غايەت زور ئىلمىي ئىجتىھات بىلەن يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە، بۇ ئۇلۇغۋار غايىمىزگە يېتىشىمىز ئۈچۈن غايەت زور قۇربان بېرىش روھى بىلەن ئۇمۇرۋايەت جاپالىق ئىزدىنىشىمىزگە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا قىيىن ـ مۇرەككەپ تېمىلارغا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش روھى بىلەن يۈرۈش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مېنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىپ، بۇ يىللىق ۋە «11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان» مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ۋەزىپىسى ۋە پىلانىنى غەلىبىلىك ئورۇندايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

يىغىن ئەھلىگە رەھمەت.

2006 ـ يىل 1 ـ ئاپرېل


شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ھەيئەت ئەزالار
疆维吾尔古典文学和木卡姆学会理事会议










源泉 （布拉克）（维吾尔文）总107期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 107-سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108 定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108—58. باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118